

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# شىرنى يەڭگەن پاشا

(تاللانغان باللار مەسەللىرى)




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى


مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: تۇرغاجىم تۇرسۇن

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى




ISBN 978-7-89415-023-3



ھۆرمەتلىك ____________ گە:

______________________________

______________________________

______________________________

______________________________



____________ دىن تەقدىم

-يىلى -ئاينىڭ -كۈنى






# شىرنى يەڭگەن پاشا

(تاللانغان بالىلار مەسەللىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن

قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# شىرنى يەڭگەن پاشا

(تاللانغان بالىلار مەسەللىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830026

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى

فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16

باسما تاۋىقى: 117.75

نەشرى: 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 89415 – 023 – 3

ئومۇمىي باھاسى: 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)

# مۇندەرىجە


كىچىك خوراز بىلەن پادىشاھ.......................................... 1
خوراز بىلەن گۆھەر.......................................... 4
توخۇ ۋە قۇلاق.......................................... 5
خوراز بىلەن ئۆردەك.......................................... 7
خوراز، ئىت ۋە تۈلكە.......................................... 8
مۈشۈكنىڭ كەچمىشى.......................................... 9
كۈچۈك بىلەن مۈشۈك.......................................... 11
مۈشۈك باتۇر.......................................... 13
ھۇرۇن مۈشۈك.......................................... 16
ئىچىۋالغاندا نېمىنى دېمەيدۇ.......................................... 18
مۈشۈك بىلەن چاشقان.......................................... 19
خاسىيەتلىك ياقۇت.......................................... 20
ئىت بىلەن قوي..........................................27
پاشا بىلەن بوغۇن.......................................... 28
مۇز بىلەن سوغۇقنىڭ تويى.......................................... 29
بۆرە بىلەن قاغىنىڭ دوستلۇقى.......................................... 30
ئەقىللىك پاقا.......................................... 31
چېكەتكە بىلەن چۈمۈلە.......................................... 33
ئوۋغا چىققان «بۇرادەرلەر».......................................... 37
قېرى شىرنىڭ ھېكايىسى.......................................... 38
ئېشەك بىلەن ئويۇنچى ئىت.......................................... 39
بۆرە ۋە ساقال.......................................... 40
ئۆزىنى بۈركۈت سەزگەن قاغا.......................................... 41
يىلان بىلەن ئادەم.......................................... 42
ئېشەك بىلەن بۆرە.......................................... 43
ئاتنىڭ پۇشايمىنى.......................................... 44

چۈشەنمىسەڭ، سىناشىما .......... 45
تەقدىرنىڭ ئۆزۈڭگە باغلىق .......... 46
ئەگەر مېڭىسى بولسا .......... 47
ئوۋغا چىققان ئوۋلانغاي .......... 49
كەپتەر بىلەن چۈمۈلە .......... 51
قۇشقاچنىڭ ئوۋچىغا ئۆگىتى .......... 52
تۈلكىنىڭ جاۋابى .......... 54
نەپس — يىرتقۇچ ئارسلان كەبدۇر .......... 55
تۇتى قۇشنىڭ ھىيلىسى .......... 57
سەنمۇ شىپشىلەرنى سۇندۇرغانمۇ؟ .......... 59
ئاچچىق ئۈزۈم .......... 60
ئېشەكنىڭ ئەقلى .......... 61
تۈلكىنىڭ ھىيلىسى .......... 62
شىرنى يەڭگەن پاشا .......... 63
نەي چېلىشنى ماڭا كىم قويۇپتۇ .......... 64
قىزغانچۇق ئۆچكە .......... 65
ئورۇنسىز ھەۋەس .......... 66
كېلىشەلمەيدىغان شېرىكلەر .......... 67
نېمىشقا ئۇلار كەلمەيدۇ؟ .......... 68
بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە .......... 70
تەكەببۇر سېغىزخان .......... 82
مۈشۈكنىڭ تاپقان ئامالى .......... 85
ئاچ بۆرە .......... 87
ماختانچاق پاشىلار .......... 91
ھاكاۋۇر ئېشەك .......... 93
يولۋاس بىلەن توشقان .......... 94
پاقا بىلەن چاشقان .......... 95
تۈلكىنىڭ ئۆلۈمى .......... 97
تۈلكىنىڭ ئامالى .......... 100
يولۇچى بىلەن بۆرە .......... 102
بۆرە بىلەن ئۆكۈز .......... 105




# كىچىك خوراز بىلەن پادىشاھ

بۇرۇنقى زاماندا بىر يوقسۇز خوتۇن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاران بىرلا خورىزى
بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوراز ئەخلەت ئارىسىدىن بىر دانە ئالماس تېپىۋاپتۇ.
دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇ يەردىن پادىشاھ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇ، خوراز تېپىۋالغان
ئالماسنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:
— ئالمىسىڭنى ماڭا بەر، — دەپتۇ.
خوراز ھۆرپىيىپ:
— ساڭا بېرەلمەيمەن، مېنىڭ ئىگەم نامرات ئايال، ئۇنىڭغا كېرەك بولىدۇ، —
دەپتۇ.
پادىشاھ زورلۇق بىلەن خورازدىن ئالماسنى تارتىۋاپتۇ-دە، ئوردىغا ئېلىپ بېرىپ
خەزىنىسىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.
خورازنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن قونداقتا سەكرەپ چىقىپ:
— قو- قو- قو- قوق! ئەي پادىشاھ، ئالمىسىمنى قايتۇرۇپ بەر!— دەپ قىچقىرىپتۇ.
پادىشاھ خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي دەپ ھۇجرىسىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ ۋە خىز-
مەتچىلەرگە ھەممە دېرىزە -
ئىشىك، تۈشۈكلەرنى ئەت-
كۈزۈۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا خو-
راز دېرىزىگە سەكرەپ چى-
قىپ ئەينەكنى چوقۇپ، قا-
ناتلىرىنى قېقىپ:
— قو- قو- قو- قوق!
ئەي پادىشاھ، ئالمىسىمنى
قايتۇرۇپ بەر!— دەپ قات-
تىق قىچقىرىۋېرىپتۇ.
پادىشاھنىڭ ئاچچىقى
كېلىپ:
— خىزمەتچى، ھەي
خىزمەتچى، دەرھال خوراز-
نى تۇتۇپ قۇدۇققا تاشلا،



ئاۋازى چىقمىسۇن، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

خىزمەتچى خورازنى تۇتۇپ ئۇنى قۇدۇققا تاشلاپتۇ، لېكىن خوراز قۇدۇق ئىچىدە تۇرۇپ:

ــ ھەي سۇ، قارنىمغا كىر! ــ دەپتۇ.

قۇدۇقتىكى سۇنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ، خورازنىڭ ئايىغىدىن تاجىسىغىچە كىرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن خوراز يەنە پادىشاھنىڭ دېرىزىسىگە چىقىپ:

ــ قو- قو- قو- قوق! ئەي پادىشاھ، ئالمىسىمنى قايتۇرۇپ بەر! ــ دەپ قاتتىق قىچقىرىۋېرىپتۇ.



پادىشاھ ئاچچىقلىنىپ، خىزمەتچىسىگە:

ــ ھەي خىزمەتچى، سەن بېرىپ خورازنى تۇتۇپ، يېنىپ تۇرغان ئوتقا تاشلا، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

خىزمەتچى خورازنى تۇتۇپتۇ-دە، يېنىپ تۇرغان ئوت ئىچىگە تاشلاپتۇ. خوراز بولسا يەنە ئۆزىگە:

ــ سۇ، ھەي سۇ! ئىچىمدىن چىقىپ ئوتنى ئۆچۈر! ــ دەپتۇ.

سۇ دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈپتۇ. شۇندىن كېيىن خوراز ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك، يەنە دېرىزىگە ئۇچۇپ چىقىپ، قانات قېقىۋېرىپتۇ ۋە:

ــ قو- قو- قو- قوق! ئەي پادىشاھ، ئالمىسىمنى قايتۇرۇپ بەر! ــ دەپ ئاۋازىنىڭ بېرىچە قاتتىق قىچقىرىپتۇ. پادىشاھ تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ:

ــ ھەي خىزمەتچى، سەن خورازنى تۇتۇپ، ھەرىلەر ئۇۋىسىغا تاشلا، ھەرىلەر ئۇنىڭ گۆشىنى يېسۇن، ــ دەپتۇ.

خىزمەتچى خورازنى تۇتۇپ، ھەرىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا تاشلاپتۇ. خوراز ئۇ يەردىمۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە:

ــ ھەرىجانىلار، ھەي ھەرىجانىلار، تۈكلىرىم ئاستىغا كىرىپ بېكىنىۋېلىڭلار، قاناتلىرىم ئاستىغا يوشۇرۇنۇڭلار! ــ دەپتۇ.

ھەرىلەر ئۇنىڭ پەي ۋە قاناتلىرى ئارىسىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوراز پادىشاھنىڭ دېرىزىسىگە ئۇچۇپ چىقىپ قاناتلىرىنى قېقىپ:

ــ قو- قو- قو- قوق! ئەي پادىشاھ، ئالمىسىمنى بەر! ــ دەپتۇ.

پادىشاھ ئەمدى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي:

ــ ھەي خىزمەتچى، ماڭ، بېرىپ خورازنى تۇتۇپ كەل، ئۇنى تەختىمنىڭ ئاستىغا سولاپ، ئۇستىگە ئولتۇرۇپ بېسىپ ئولتۇرەي، ئاۋازى بىراقلا چىقماي قالسۇن! ــ دەپتۇ.

خىزمەتچى خورازنى تۇتۇپ ئەكەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى دەرھال تەختىنىڭ ئاستىغا سولاپتۇ.

شۇئان خوراز:

— پەيلىرىم، پەيلىرىم، قاناتلىرىم، ھەربىلەرنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بېرىڭلار، پادىشاھنى تازا چېقىپ بابلاپ ئەدىپىنى بەرسۇن!— دەپتۇ.

ھەربىلەر ئۇچۇپ چىقىپ، پادىشاھنى تازا چېقىشىپتۇ. شاھ ئىرغىپ تۇرۇپ، ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈپتۇ.

— ۋاي - ۋاي، قۇرۇپ كەتسۇن بۇ خوراز! مۇنۇنى خەزىنىگە ئېلىپ بېرىڭلار، ئالمىسىنى تېپىۋالسۇن!— دەپ ۋارقىراپتۇ ئاغرىققا چىدىيالماي. شۇنىڭ بىلەن خورازنى خەزىنىگە ئاپىرىپتۇ. خوراز ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن يەنە:

— قارنىم، ھەي قارنىم، سۇلتان ئوغرىلاپ ئالغان پۇللارنى يۇت!— دەپتۇ.

شۇنداق دېيىشى بىلەن تەڭلا پادىشاھنىڭ ئۈچ تاغارغا قاچىلاپ قويۇلغان پۇلى خورازنىڭ قارنىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

خوراز بۇ پۇللارنى ئىگىسىگە ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئىگىسى بىر قىسمىنى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاجىز پۇقرالارنىڭ قولى پۇل كۆرۈپ، تۇرمۇشنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھمۇ ئۇلارغا چېقىلالمايدىغان بولۇپتۇ.



# خوراز بىلەن گۆھەر

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر خوراز دانلاش ئۈچۈن قونداقتىن چۈشۈپتۇ ۋە كۆللۈك - سۈپرىندىلىكلەرنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ خېلى ئۇزاق تاتىلاپمۇ يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالماپتۇ. قورسىقى ئېچىپ تىت - تىت بولغان خورازغا تۇيۇقسىز توپا ئارىسىدىن ناھايىتى قىممەتلىك بىر گۆھەر ئۇچراپتۇ.

—ئەي، ئېسىت! — دەپ ئەپسۇس بىلەن چىللاپتۇ خوراز، — بۇنىڭ ئورنىغا بىر دانە گۈرۈچ چىقسىمۇ مەيلى ئىدى. مەن ئۈچۈن يۈزلىگەن گۆھەردىن بىر دانە گۈرۈچ مىڭبىر ئەۋزەلدۇر!



# توخۇ ۋە قۇلاق



بۆرە بىلەن تۈلكە بىر يەردە ياشايدىكەن، بىر كۈنى بۆرە بىر توخۇنى تۇتۇۋېلىپ خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ-دە، ئۇنى تۈلكىگە بېرىپ:

— بۇنى ئوبدان تازىلاپ يۇيۇپ پىشۇرغاچ تۇرغىن. مەن بېرىپ ئېيىقنى تەكلىپ قىلىپ كېلەي، — دەپتۇ-دە، ئېيىقنى چاقىرغىلى كېتىپتۇ.

تۈلكە توخۇنى پىشۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن توخۇ پىشىپتۇ. تۈلكىنىڭ نەپسى تاقىلداپ، ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قازاندىكى توخۇنىڭ بىر پۇتىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ يەۋاپتۇ، ئۇنى يەپ بولۇپ يەنە يېگۈسى كەپتۇ-دە، بىر قانىتىنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ يەپتۇ. ئۇ يېگەنسىرى تويماپتۇ. شۇنداق قىلىپ توخۇنى پۈتۈنلەي يەپ بوپتۇ.

بۆرە قايتىپ كېلىپ:

— تۈلكىۋاي، توخۇ پىشتىمۇ؟ — دەپتۇ. تۈلكە يالغاندىن:

— ئاز قالدى، — دەپتۇ. بۆرە:

— مەن ئالدى بىلەن پىچاقنى بىلىگەچ تۇراي. ئېيىق كەلسە، توخۇنى پىچاق بىلەن پارچىلاپ يەيلى، — دەپ ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ پىچاق بىلەپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئېيىق كەپتۇ. تۈلكە ئېيىققا:

— ئېيىق ئاكا، قاچ، بۆرە سىنى ئالداپ كېلىپ قۇلىقىڭنى يېمەكچى، ئىشەنمىسەڭ، ئاڭلاپ باقە، بۆرە شۇ تاپتا پىچاق بىلەۋاتىدۇ، — دەپتۇ. ئېيىق شۇنداق قۇلاق سالسا، راستىنلا پىچاقنىڭ تاشقا سۈركەلگەندىكى «شارت - شۇرت» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئېيىق قورققىنىدىن كەينىگە قاراپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. تۈلكە ئېيىقنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ ئاللا - تۇۋا كۆتۈرگىنىچە ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بۆرىگە:

— قارا، سىنىڭ ئېيىق دوستۇڭ بەك يولسىزكەن. سەن ئۇنى ياخشى كۆڭلۈڭ بىلەن توخۇ گۆشى يېيىشكە تەكلىپ قىلساڭ، ئۇ توخۇيۇڭنى بۇلاپ كەتتى!— دەپتۇ.

بۆرە بۇنى ئاڭلاپ ئىشىنىپتۇ-دە، ئاچچىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ. ئۇ قولىدىكى پەچاقنى قويۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىسا، ئېيىق ھەدەپ قېچىۋاتقان. شۇنىڭ بىلەن بۆرە بىر تەرەپتىن قوغلاپ، بىر تەرەپتىن ۋارقىراپتۇ:

— ھەي ئەخمەق ئېيىق، قايتىپ كەل!

ئېيىق شۇنداق قارىسا، بۆرە پىچاق كۆتۈرگەن ھالدا قوغلاپ كېلىۋاتقان. ئۇ، بۆرە راستىنلا قۇلىقىمنى كەسمەكچى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ-دە، جېنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ. ئېيىق قانچىكى تېز قاچسا، بۆرە شۇنچە تېز قوغلاپتۇ. ئاخىر بۆرە ئېيىققا يېتىشىۋاپتۇ-دە، كەينىدىن بىرلا قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ:

— ھۇ قارا يۈز، مەن سېنى ياخشى كۆڭلۈم بىلەن توخۇ يېيىشكە تەكلىپ قىلسام، نېمىشقا توخۇنى بۇلاپ قاچىسەن؟— دەپتۇ. ئېيىق قاتتىق رەنجىگەن ھالدا:

— سەن نېمىشقا قۇلىقىمنى كەسمەكچى بولىسەن؟!— دەپتۇ.

— كىم شۇنداق دەيدۇ، مەن نېمىشقا سېنىڭ قۇلىقىڭنى كەسكۈدەكمەن؟!— دەپ ھاڭ-تاڭ بولۇپتۇ بۆرە.

— مەن نەدىمۇ سېنىڭ توخۇيۇڭنى بۇلاي؟— دەپتۇ ئېيىق. ئۇلار شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ تۈلكىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇلار دەررۇ تۈلكىنى تۇتقىلى بېرىپتۇ، لېكىن تۈلكە ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىكەن.





# خوراز بىلەن ئۆردەك

بىر كۈنى خوراز بىلەن ئۆردەك بىللە دانلىغىلى بېرىپتۇ. خوراز ئۆردەكنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ماڭالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بوپتۇ ۋە كۆل بويىدىكى ئالما دەرىخى ئۈستىگە چىقىپ بىرنەچچىنى چىلىلغاندىن كېيىن ئۆردەككە قاراپ:

— قارا ئاداش، مەن ھەم تېز ماڭالايمەن، ھەم بۇركۈتتەك ئۇچالايمەن، ئىشەنمەسەڭ قاراپ تۇر، — دەپتۇ-دە، قانىتىنى كېرىپ بىر ئۇچقانىكەن، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ-دە، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا چۆكۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۆردەك كۆلگە چۈشۈپ خورازنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوراز پەقەت چوڭچىلىق قىلمايدىغان بولۇپتۇ.



# خوراز، ئىت ۋە تۈلكە

خوراز بىلەن ئىت بىرلىشىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئىت دەرەخ تۆۋىدىكى كاۋاكقا، خوراز بولسا دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. خوراز ئۆز ئادىتى بويىچە يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، چىللاشقا باشلاپتۇ. ئاچلىقتىن ئورماندا ئايلىنىپ يۈرگەن تۈلكە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چېپىپ كەپتۇ. خورازنى كۆرۈپ، ئاغزىدىن سۈيى ئاققىنىچە پەسكە چۈشۈرمەك مەقسىتىدە ئۇنى ماختاپ كېتىپتۇ. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— سەندەك پەرىشتە يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك بىلەن دوست بولۇش مەن ئۈچۈن بەخت ئىدى!— دەپتۇ. خوراز ئۇنىڭغا قاراپ:

— يېنىمدىكى دەرەخ كاۋىكىدا خىزمەتكارىم بار. ئېيت، شوتىنى قويسۇن، ئالدىڭغا چۈشمەن!— دەپتۇ.

تۈلكە خۇشاللىق بىلەن بېشىنى كاۋاكقا تىقسا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئىت ئۇخلاپ ياتقۇدەك.

تۈلكە دەرھال ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپتۇ ۋە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ.

— بىز دوست بولماقچى ئىدىققۇ؟— دەپ توۋلاپتۇ خوراز ئۇنىڭ كەينىدىن.

— بەزى چاغدا دوستلۇقتىن ۋاز كېچىشمۇ ئاقىلانىلىكتۇر، — دەپتۇ تۈلكە قېچىپ كېتىۋېتىپ.



# مۈشۈكنىڭ كەچمىشى

قەدىم زاماندا مۈشۈكلەر تېخى ئادەملەرگە ئۆگەنمىگەن بولۇپ، ئۇلار ئورمانلىقتا ياشايدىكەن.

بىر مۈشۈك بار ئىكەن. ئۇ توشقان بىلەن دوست ئىكەن. نەگە بارسا ئىككىسى بىللە بارىدىكەن. مۈشۈك ئۆز دوستىنىڭ ئەقلىگە قايىل ئىكەن.

بىر كۈنى توشقان كېيىك بىلەن سوقۇشۇپ قاپتۇ-دە، كېيىك توشقاننى بىر ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بىچارە مۈشۈك يالغۇز قېلىشتىن قورقۇپ كېيىك بىلەن دوست بوپتۇ.

بىر كۈنى كېيىكنى قاپلان تالاپ تاشلاپتۇ. مۈشۈك قاپلان بىلەن دوست بوپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە ئوۋ قىلىدىغان بولۇپتۇ. بۇنداق ھايات كەچۈرۈش خېلى ياخشى ئىكەنۇ، بىراق ئۇزاققا بارماپتۇ. قاپلان ئارسلان بىلەن ئېلىشىپ قېلىپ، ئۇنى ئارسلان ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

مۈشۈكۋاي تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئارسلاننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بوپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلار بىر توپ پىلغا دۈچ كېلىپ قاپتۇ-دە، يوغان بىر پىل ئارسلاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. مۈشۈك بولسا: «ئەگەر تىنچ ھايات كەچۈرەي دېسەڭ، پىلغا ئوخشاش ئادىشىڭ بولۇشى كېرەك. ئۇ ھەممە مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭى، شۇنىڭدەك ئەڭ كۈچلۈكى ۋە ئەقىللىكى، ئۇنى ھەرھالدا ھېچكىم يېڭەلمىسە كېرەك!» دەپ ئويلاپ پىل بىلەن دوست بوپتۇ.

لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئويمۇ ئۇزۇنغا بارماپتۇ. ئورمانغا ئوۋچى كەپتۇ-دە، پىلنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

بۇ قېتىم مۈشۈك گاڭگىراپ قاپتۇ. ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان ئىككى پۇتلۇق كىچىككىنە مەخلۇقنىڭ شۇنداق ھەيۋەتلىك پىلنى ئۆلتۈرگىنىنى كۆرۈپ، «دېمەك، ھەممىدىن كۈچلۈكى ئاشۇنىڭ ئۆزى» دەپ ئويلاپتۇ. مۈشۈك ئوۋچىنىڭ كەينىدىن ئۆيىگىچە ئەگىشىپ بېرىپتۇ. لېكىن ئۆي ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۆيگە يېقىن بىر يەرگە مۆكۈۋاپتۇ.

ئۇ بىردىن قىيا - چىيا، چۇقان - سۈرەننى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، يۈگۈرگەن پېتى قېچىپ چىقىپ كېلىۋاتقان ئۆۋچىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۆۋچىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر ئا-يال چۆمۈچ بىلەن ئۇنى ئۇرۇۋاتقانمىش.

شۇ چاغدا مۈشۈك:

— مانا، ئاقىۋەت مەن مەخلۇقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى كىم ئىكەنلىكىنى چۈ-شەندىم. ئەڭ كۈچلۈك مەخلۇق ئايال ئىكەن!— دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، مۈشۈك ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە ئۆگەنگەنىكەن. ئاياللار بىلەن يېقىن دوست بولغانىكەن. چۈنكى ئاياللار دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن قۇدرەتلىك ئىكەن.



# كۆچۈك بىلەن مۈشۈك



كۆچۈكنىڭ قورسىقى ئېچىپ، تاغدا تېنەپ يۈرگەنىكەن، ئالدىدىن بۆرە چىقىپ قاپتۇ.

— ھەي كۆچۈك، سېنى يەيمەن! — دەپتۇ ئۇ.

— قويساڭچۇ، بۆرىۋاي، ئالدى بىلەن قورسىقىمنى تويدۇر، كېيىن نېمە قىلساڭ مەيلى، — دەپتۇ كۆچۈك.

— بولدۇ، كەينىمدىن ماڭ — دەپتۇ بۆرە ۋە كۆچۈكنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

ئىككىسى مېڭىپ - مېڭىپ، كالا پادىسىغا دۇچ كېلىشىپتۇ. بۆرە كۆچۈككە قاراپ:

— كۆچۈك، ماڭا قارا! كۆزلىرىم، قۇلاقلىرىم، ئاغزىم، قۇيرۇقۇم قانداق تۇردۇ؟ — دەپتۇ.

— پاھ، كۆزلىرىڭ ئوتتەك يېنىپتۇ، قۇلاقلىرىڭ دىڭگايغان، ئاغزىڭ غاردەك ئوچۇق، قۇيرۇقۇڭ بولسا پۇتۇڭغا يېپىشىپ نوتىدەك ئېگىلىپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ كۆچۈك.

— مانا قاراپ تۇر! — دەپتۇ بۆرە ۋە ئوتلاۋاتقان موزايغا ئېتىلىپتۇ. بىردەمدە بويىندىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھەم بۆرىنىڭ، ھەم كۆچۈكنىڭ قورسىقى تويۇپتۇ.

— ئەمدى تويدۇم، سېنى يېمەيمەن، خەير، — دەپ كېتىپ قاپتۇ بۆرە.

كۆچۈك قالغان گۆشنى ئۈچ كۈن يەپتۇ. ئاخىر زېرىكىپ، ئوينىغۇسى كېلىپ، ئايلەنىپ كېلىشكە مېڭىپتۇ. يولدا بىر ئاچ مۈشۈك ئۇچراپتۇ.

— ھەي، مۈشۈك، — سېنى يەيمەن، — دەپتۇ كۆچۈك.

— قويساڭچۇ، ئالدى بىلەن قورسىقىمنى تويدۇر، ئاندىن مېنى يە! — دەپتۇ مۈشۈك

ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— بولدۇ، ئەمسە، كەينىمدىن ماڭ!— دەپتۇ كۈچۈك ۋە ئۆزى يول باشلاپتۇ.

ئۇلار تۆگىلەر ئوتلاپ يۈرگەن جايغا كېلىپ قېلىشىپتۇ.

— ماڭا قارا، مۈشۈك! كۆزلىرىم، قۇلاقلىرىم، ئاغزىم ۋە قۇيرۇقۇم قانداق ئىكەن؟— دەپ سوراپتۇ كۈچۈك.

— نېمىمۇ دەي! كۆزلىرىڭ مەيۈس، قۇلاقلىرىڭ سالپايغان، ئاغزىڭ ئېچىلىپ، تىلىڭ ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ، قۇيرۇقۇڭ بولسا سۆرۈلۈپ ئاران كېلىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇنىڭغا مۈشۈك.

— ئەمدى قاراپ تۇر!

كۈچۈك شۇنداق دەپتۇ-دە، بىر تۆگىگە تاشلىنىپ، پۇتىدىن چىشلىمەكچى بولغانىكەن، تۆگە بېشىغا بىرنى تېپىپتۇ، شۇ هامان كۈچۈك ئۆلۈپتۇ.

— ۋاي، ماختانچاق، سەن تېخى بۆرە بولالماقچىمىدىڭ. قۇلۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنۇپ نېمە قىلاتتىڭ! ئەمدى سەن مېنى ئەمەس، مەن سېنى يەيمەن، — دەپتۇ مۈشۈك.



# مۇشۇك باتۇر

بىر مۇشۇك جاڭگاللىقتا يۈرسە، تۇساتتىنلا تۈلكە ئۇچراپ قاپتۇ. تۈلكە ئىلگىرى مۇشۇكنى كۆرمىگەنىكەن. ئۇنىڭ تەق - تۇرقىغا ھەيران بولۇپ، مەن بۇ جاڭگاللىقتا شۇنچە ئۇزۇن يىل ياشىغان، بۇنداق بۇرۇتلۇق، بادىراڭ كۆز مەخلۇقنى كۆرمىگەنىكەنمەن، دەپ ئويلاپ سوراپتۇ:

— يول بولسۇن، كىم بولىسىز؟

مۇشۇك كۆزىنى چەكچەيتىپ، بۇرۇتىنى دىردايتىپ تۇرۇپ:

— مەن مۇشۇك باتۇر بولىمەن، جاڭگالنى سەيلە قىلىپ يۈرىمەن، — دەپتۇ. تۈلكە «باتۇر» دېگەننى ئاڭلاپ جالاقلاپ تىترەپ كېتىپتۇ، بىراق چاندۇرماسلىققا سېلىپ:

— سىزنىڭ يۇرتىمىزغا سەيلىگە كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۆيگە بېرىپ، تۇز - تەممىزنى تېتىپ كېتەرمۇ دېگەن ئۈمىدتە ئالايتەن ئالدىڭىزغا كېلىۋىدىم، — دەپ تەزىم قىپتۇ. مۇشۇك «باتۇر»:

— تەلىپىڭىزنى يەردە قويماي، — دەپ تۈلكە بىلەن بىللە ئۆيگە كەپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن تۈلكە مۇشۇكنىڭ ئۆيگە كەلگەنلىكىدىن ئېچىلىپ - يېيىلىپ، مۇشۇك «باتۇر»نى ئېغىز - بۇرنىدىن ئاشقىچە مېھمان قىپتۇ.

ئەتىسى مۇشۇك «باتۇر» ئۆيدە قاپتۇ، تۈلكە يەم ئىزدەپ ئوۋغا چىقىپتۇ. تۈلكە جاڭگاللىقنى ئارىلاپ كېتىۋاتسا، بۆرە ئۇچراپ سوراپتۇ:

— تۈلكىخان، كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىز؟

— ئەرگە تېگىۋالدىم! — دەپتۇ تۈلكە.

— ۋاي كىمگە؟

— مۇشۇك «باتۇر»غا!

— مۇبارەك بولسۇن، مۇشۇك باتۇر بىلەن دىدار كۆرۈشكىلى بولارمۇ؟

— بولىدۇ، بىراق ئاچچىقى بەك يامان، كۆڭلىگە ياققانغا ئامراق، ياقمىغاننىڭ بىر مۇجۇپلا جېنىنى ئالىدۇ، — دەپتۇ تۈلكە.

تۈلكە بۆرىدىن ئايرىلىپ، ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا يولۋاسقا يولۇقۇپ قاپتۇ. يولۋاس تۈلكىدىن ھال - ئەھۋال سورىغانىكەن، بۆرىگە نېمە دېگەن بولسا، شۇنى دەپتۇ-دە، كېتىپ قاپتۇ.

يولۋاسنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، ئورنىدا تۇرالماي قاپتۇ. قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا قارىماي، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بۆرىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئۇكام بۆرىجان، ئالەمدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، تۈلكىخاننى كۆرەلىدىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ. بۆرە:

— ھەي، يولۋاس ئاكا، قويساڭچۇ، بۇ تۈلكىخاننىڭ قىلغان ئىشىنى، مۈشۈك باتۇر دېگەنگە تېگىپتۇ. مۈشۈك باتۇر كۆڭلىگە ياققانغا ئامراق ئىكەن، ياقمىغاننىڭ بىر مۇجۇپلا جېنىنى ئالىدىكەن. تۈلكىخان بېشىمىزغا بالا تېرىيدىغان بوپتۇ، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

— شۇنداق - شۇنداق، — دەپ قۇۋۋەتلەپتۇ يولۋاس. ئۇلار نېرى - بېرى گەپلەردىن كېيىن، زىيان - زەخمەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككىسى بىرلىشىپ مۈشۈك «باتۇر» بىلەن تۈلكىخاننى چاقىرماقچى بولۇپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا يولۋاس بىر ئۆكۈز، بۆرە بىر قوي ھازىرلاپ، مۈشۈك باتۇر بىلەن تۈلكىخاننى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ.

— ھەي، — دەپتۇ بۆرە يولۋاسقا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، — «بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قولنى ساڭگىلىتىپ» دېگەن گەپ بار. مۈشۈك باتۇرنى ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئىشقىلىپ، ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرايلى.

— ئۇنداقتا، ئۇلار كەلگەندە، مەن قارىغاينىڭ ئۇچىغا چىقىۋالاي، — دەپتۇ يولۋاس.

— مېنى بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇڭ، — دەپتۇ بۆرە. يولۋاس بۆرىنى شاخ - شۇمبىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قارىغاينىڭ ئۇچىغا چىقىپ، مۈشۈك باتۇر بىلەن تۈلكىخاننىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. بىرھازادىن كېيىن قارىغاينىڭ ئۇچىدا تۇرغان يولۋاس بۆرىگە:

— ئۇكام جىم يات، مىدىرلىما، كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بۆرە دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قىمىر قىلماي يېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەيلا مۈشۈك «باتۇر» بىلەن تۈلكىخان قاتارلىشىپ يېتىپ كەپتۇ. مۈشۈك «باتۇر» ئىشىك ئالدىدا تۇرغان قوينىڭ ئوڭ تەرىپىدىن سەكرەپ سول تەرىپىدىن چۈشۈپتۇ. ئۆكۈزنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر سەكرەپ ئۈستىگە چىقىپ، يەنە بىر سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ، ئۆكۈزنىڭ قۇيرۇقىدىن چىشلەپ تارتىپ - تارتىپ قويۇپ:

— مياۋ - مياۋ، — دەپتۇ. بۇ قارىغاينىڭ ئۇچىدا تۇرغان يولۋاسقا «بۇ ئاز، بۇ ئاز» دېگەندەك ئاڭلىنىپتۇ. يولۋاس تېخىمۇ قورقۇپ، يۈرىكى پوكۇلداپ كېتىپتۇ. بۆرە



مۈشۈك «باتۇر»نى كۆرمەك بولۇپ تۇمشۇقىنى چىقارغانىكەن، شاخ ـ شۇمبا شىلدىرلاپ كېتىپتۇ. مۈشۈك، بۇ چاشقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ شىلدىرلىغان تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بۆرە قورقۇپ كېتىپ، ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ. بۆردىن قورققان مۈشۈك «باتۇر» ئالاقزادە بولۇپ، يۈگۈرگەن پېتى يولۋاس چىقىۋالغان قارىغايغا يامىشىپتۇ. قارىغاينىڭ ئۇچىدىكى يولۋاس ئەمدى يەرگە سەكرىمىسەم، مۈشۈك باتۇر بىر مۇجۇپلا جېنىمنى ئالىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۆزىنىڭ نېمە بولارىغا قارىماي، يەرگە سەكرەپتۇ. قاراپ تۇرغان تۈلكە:

— مۈشۈك باتۇر قوغلاڭ، ۋاي قوغلاڭ، — دەپ ۋارقىراپ بېرىپتۇ. بۆرە بىلەن يولۋاس بەدەر قېچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاڭگالدا يولۋاس بىلەن بۆرە تۇرمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

# ھۇرۇن مۈشۈك

بۇرۇن بىر كەمبەغەل باينىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ. قىز ئۆزىنىڭ ھۇرۇنلۇقى بىلەن نام چىقارغانىكەن. كەمبەغەل، ھۇرۇن خوتۇنۇمنى پەقەت ئۇرمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىكەن.

ياش كېلىنچەك كۈنبويى بىكار يۈرىدىكەن، ئۇ يەردىكى نەرسىنى بۇ يەرگە ئېلىپمۇ قويمايدىكەن. كۈنبويى لاغايلاپ يۈرۈپ غەيۋەت قىلىشتىن باشقىنى زادىلا بىلمەيدىكەن. ئېرى بولسا ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئۇنى بىرەر قېتىممۇ ئۇرماپتۇ.

لېكىن، بىر كۈنى ئۇ ئىشقا ماڭىدىغان چېغىدا مۈشۈككە شۇنداق دەپتۇ:

— ماڭا قارا ھۇرۇن، گېپىمگە ياخشىراق قۇلاق سال، ئىشتىن قايتقىنىمدا ئۆيدىكى ھەممە ئىش تەق بولسۇن، ئۆيلەرنى سىرىپ - سۈپۈرۈپ، تاماق ئېتىپ ھەم چاق ئېگىرىپ تۇرغىن. ئەگەر ئېيتقانلىرىمنى قىلمىساڭ، شۇنداق ئەدىپىڭنى بېرىمەنكى، بىر ئۆمۈر ئېسىڭدىن چىقمايدۇ.

مۈشۈك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئوچاق ئۈستىدە مۈگدەپ يېتىۋېرىپتۇ. خوتۇنى بولسا، ئېرىم ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:



— ھەي ئېرىم، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ بۇ ئىشلار مۈشۈكنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغۇ.

— قولىدىن كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، ماڭا بەرىبىر!— دەپتۇ ئېرى، — بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭدىن باشقا كىمگە بۇيرۇيمەن؟ ئىشتىن كەلگۈچە تاپىلىغان ئىشلارنى قىلمىسا، شۇنداق ئەدىپىنى بېرىمەنكى، بىر ئۆمۈر ئېسىدىن چىقمايدۇ!

ئۇ شۇنداق دەپ ئىشقا كېتىپتۇ. ياش كېلىنچەك بولسا، ئۇ قوشنىسىنىڭكىدىن بۇ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ قۇرۇق گەپ سېتىپ يۈرۈپتۇ... ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، مۈشۈك مۈگدەپ ياتقانمىش، ئوچاقتىكى ئوت ئۆچۈپ قالغانمىش.

كېلىن مۈشۈكنى ئىشقا سالماقچى بولۇپ:

— قېنى مۈشۈكجان، تۇر، ئوچاققا ئوت ياق! بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى



كۆرۈسەن!— دەپتۇ، لېكىن مۈشۈك پەرۋا قىلماي خورەك تارتىپ يېتىۋېرىپتۇ.

ئېرى ئىشتىن قايتىپ كەپتۇ. قارىسا تاپىلىغان ئىشلارنىڭ بىرىمۇ ئورۇنلانماپتۇ. ئۇ، مۈشۈكنى خوتۇنىنىڭ بېلىگە باغلاپ، قامچا بىلەن راسا بىر ساۋىداپتىكەن، خوتۇنى ئېرىگە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. چۈنكى مۈشۈك ئايالنىڭ بېلىگە ھەممە تىرناقلىرىنى پاتۇرۇپ قان قىپتۇ.

— بولدى، بولدى، مۈشۈكنى ئۇرما! ئۆي ئىشلىرىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ئۇ گۇناھكار ئەمەسقۇ؟

— بولمىسا ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆزۈڭ ئىشلەشكە ۋەدە بېرەمسەن؟— دەپ سوراپتۇ ئېرى.

— ۋەدە بېرىمەن، ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قىلىمەن، لېكىن بۇ مۈشۈكنى ئۇرما!— دەپتۇ خوتۇنى.

ئۇلار شۇنداق كېلىشىپتۇ. ياش كېلىنچەك ئۆز دەردىنى ئانىسىغا ئېيتماقچى بولۇپ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

— مەن مۈشۈكنى بېلىمگە باغلاپ ئۇرماسلىقى ئۈچۈن ھەممە ئىشنى ئۆزۈم قىلىشقا ۋەدە بەردىم، — دەپتۇ ئۇ ئانىسىغا، بۇنى ئاڭلاپ دادىسى گەپكە ئارىلىشىپتۇ.

— ۋەدە بەردىڭمۇ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىڭ كېرەك. بولمىسا مۈشۈك ئەتە يەنە كالتەك يەيدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ قىزىنى ئېرىنىڭ قېشىغا ماڭدۇرۇپتۇ.

ئەتىسى ئېرى يەنە مۈشۈككە ئىش تاپىلاپتۇ، لېكىن مۈشۈك بۇ قېتىممۇ ئورنىدىن مىدىرلىماپتۇ. ياش كېلىنچەك بولسا كۈنبويى قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىدە يۈرۈپتۇ. ئېرى ئىشتىن قايتىپ كېلىپ مۈشۈكنى يەنە خوتۇنىنىڭ بېلىگە باغلاپ راسا ساۋاپتۇ. ياش كېلىنچەك ئېرىنى ئاتا - ئانىسىغا چاقماقچى بولۇپ ئۆيىگە بېرىپتۇ، لېكىن دادىسى ئۇنى بىر ۋارقىراپ قوغلاپتىكەن، ئايىغىنى كۆتۈرگەن پېتى قېچىپتۇ.

ئېرى ئۈچىنچى كۈنى مۈشۈككە يەنە ئىش تاپشۇرۇپتۇ. مۈشۈك كۆپ تاياق يېگەن بولسىمۇ بەربىر ھېچ نەرسە قىلالماپتۇ. ئەمما، ھەممە ئىشنى ياش كېلىنچەكنىڭ ئۆزى قىلىدىغان بولۇپتۇ. ئوت يېقىپتۇ، سۇ ئەكىرىپتۇ، تائام تەييارلاپتۇ، ئۆينى سۈپۈرۈپتۇ ھەم چاق ئىگىرىپتۇ. قىسقىسى، ئۇ پۈتۈن ئىشنى ئورۇنلاپتۇ. بىچارە مۈشۈككە ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىيدىكەن ھەم مۈشۈكنىڭ تىرنىقىنىڭ ئۆزىگە سانجىلىشىنى خىيالىدىن زادىلا كەتكۈزمەيدىكەن. كەچتە ئېرى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قارىسا، ھەممە ئىش تەق تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— قورقما مۈشۈك، ئەمدى ساڭا قول تەگكۈزمەيمەن!— دەپتۇ.

ياش كېلىنچەك ئۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، داستىخان سېلىپ ئېرىنىڭ ئالدىغا تاماق كەلتۈرۈپتۇ، ئىككىسى مەززە قىلىپ يەپتۇ.

كېيىن بۇ ئىش ئادەتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. مۈشۈكمۇ كالتەك يېمەپتۇ، ياش كېلىنچەك بولسا تولىمۇ چاققان بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ، ئېرىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ خۇشال قىلىپتۇ.

# ئىچىۋالغاندا نېمىنى دېمەيدۇ

دۇنيا بويىچە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھاراقلىرىنىڭ كۈچىنى سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. تاللىنىپ، شاللىنىپ ئەنگلىيە، فرانسىيە، جۇڭگو ھاراقلىرى چېمپىيونلۇق تالىشىشقا چۈشۈپتۇ. بۇ مۇسابىقىنىڭ شەرتى ھاراقنى ئالدى بىلەن چاشقانغا ئىچۈرۈپ چاشقاننىڭ كەيپىگە قاراپ باھالاش ئېلىپ بارىدىكەن. ئالدى بىلەن چاشقانغا ئەنگلىيەنىڭ ۋىسكىسى ئىچۈرۈلۈپتۇ. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن چاشقاننىڭ كۆزلىرى ئەلەس بولۇپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. ئاندىن كېيىن باشقا چاشقانغا فرانسىيە بىراندىسى ئىچۈرۈلۈپتۇ. بىراندى ئىچكەن چاشقانمۇ ئىككى يېنىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپلا ئۇخلاپ قاپتۇ.

نۆۋەت جۇڭگوغا كەپتۇ. چاشقانغا «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» ئىچۈرۈلۈپتۇ. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن چاشقاننىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك بولۇپ، ئىككى يېنىغا ئالىيىپ قاراپ، تۇرغانلارغا:

— مۈشۈك دېگەن لاتا قېنى؟!— دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىلى ئالاھىدە ھارىقى چېمپىيون بوپتۇ.

مۇسابىقە پەيتىدە بىر بۇلۇڭدا بىر مۈشۈك تاماشا قىلىپ تۇرغانىكەن. چاشقاننىڭ ھېلىقى گېپى مۈشۈككە ھار كەپتۇ. مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا ھېلىقى چاشقاننى مۈشۈك كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ:

— ھە نوچى، بايا ئەجەب نوچىلىق قىلىپ كەتتىڭا، ئەمدى گېپىڭ بولسا ئېيتە!— دەپتۇ.

— ھەي مۈشۈك، ئىچىۋالغاندا نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟— دەپتۇ چاشقان.



# مۆشۈك بىلەن چاشقان



بىر كۈنى چاشقان قورسقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن كاماردىن چىقىپ ئىتىز قىرىنى بويلاپ خاماندىكى بۇغدايغا قاراپ مېڭىپتۇ. دەل شۇ چاغدا مۆشۈك چاشقاننى كۆرۈپ قىلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. چاشقان ئۆزىنىڭ ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىشىگە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن مۆشۈككە مۇنداق دەپتۇ:

— مۆشۈك ئاكا، سىز مېنى يېسىڭىزمۇ قورسىقىڭىز تويمايدۇ. ئاۋۇ يەردە مېنىڭ كۆپلگەن دوستلىرىم بار. مەن سىزنى ئاشۇ يەرگە باشلاپ باراي، ھەممىمىزنى يەڭ، قورسقڭز ئاسانلا تويىدۇ.

چاشقاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۆشۈك ئاشۇ چاشقانلارنى يەپ بىراقلا تويمايمەنمۇ، دەپ ئويلاپ چاشقاننى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. چاشقان بىردەم مېڭىپلا كامىرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. مۆشۈك خېلى ئۇزۇن ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ چاشقان چقماپتۇ. بىر چاغدا چاشقان:

— ھەي ئەخمەق مۆشۈك، بىزنى چىقامدىكىن دەپ خام خىيال قىلما، — دەپتۇ. مۆشۈك شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ.



# خاسىيەتلىك ياقۇت

بۇرۇنقى زاماندا بىر قىشلاقتا ئانا ـ بالا ياشايدىكەن. بىر كۈنى ئانىسى:

— ئوغلۇم، بازارغا بېرىپ نان ئېلىپ كەل، — دەپ ئوغلىنى بازارغا يولغا سېپتۇ.

بالا پۇلنى ئېلىپ كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇزاق ماڭماي بىر توپ بالىلارنىڭ توپلىشىپ، ئورۇق بىر مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا يىپ باغلاپ قىيناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، رەھىمى كېلىپ:

— ھەي بالىلار، مۈشۈكنى ساتامسىلەر؟— دەپتۇ.

— ساتىمىز، — دەپتۇ بالىلار.

— نەچچە پۇل؟

— خالىغىنىڭنى بەر.

— مانا، ئېلىڭلار!— بالا قولىدىكى پۇلنى بېرىپ، مۈشۈكنى قۇچاقلاپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

— ئەكەلدىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ ئانىسى.

— ھەئە، لېكىن نان ئەمەس، مۈشۈك ئەكەلدىم، — دەپتۇ ئوغۇل.

— ۋاي ئوغلۇم، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

بالا ۋەقەنى ئانىسىغا چۈشەندۈرۈپ بولۇپ دەپتۇ:

— بىر كۈن نان يېمىسەك ھېچ ئىش بولماس!

— مەيلى، بولار ئىش بوپتۇ، — دەپتۇ ئانىسى.

يەنە بىر كۈنى ئانىسى ئوغلىنى گۆش ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قاسساپنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ.

بالا كوچىدا كېتىۋېتىپ، بىر توپ بالىلارنىڭ ئورۇق بىر كۈچۈكنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ «تۇمشۇقىغا ئۇر!»، «كاللىسىغا سال!» دەپ تاش بوران قىلىۋاتقانلىقىغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ.

— ھەي بالىلار، — دەپتۇ ئۇ كۈچۈككە رەھىمى كېلىپتۇ، — كۈچۈكنى ساتامسىلەر؟

— ساتىمىز.

— نەچچە پۇل؟

— خالىغىنىڭنى بەر.

— مانا، ئېلىڭلار.

بالا كۈچۈكنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

— ھە ئوغلۇم، گۆش ئەكەلدىڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ ئانىسى.

— ئانا، مېنى ئۇرماڭ، بەرگەن پۇلىڭىزغا كۈچۈك سېتىۋالدىم.

— ۋاي ئوغلۇم! ئۆزىمىز كەمبەغەل تۇرساق، گۆش سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاران جەـ
لىگەن پۇلىمىزغا كۈچۈك سېتىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ ئۇنى قانداق باقىمىز؟

— بىر كۈن گۆش يېمىسەك ھېچ ئىش بولماس. كۈچۈكنى بىر ئامال قىلىپ باقىـ
مىز.

يەنە بىر كۈنى ئانىسى ئوغلىغا پۇل بېرىپ، ياغ ئېلىپ كەلگىلى بازارغا ئەۋەتىپتۇ.
بالا بازارغا كېتىۋاتسا، يولدا بىر توپ بالىلار يىغىلىشىپ، قاپقانغا چۈشكەن چاشقان
بالىسىنى قىيناپ ئويناۋاتقانىكەن.

— ھەي بالىلار، چاشقاننى ساتامسىلەر؟— دەپتۇ ئۇ.

— ساتىمىز!— دېيىشىپتۇ بالىلار.

بالا چاشقاننى سېتىۋېلىپ، ئۆيگە كېلىپتۇ.

— ھە ئوغلۇم، ياغ ئەكەلدىڭمۇ؟—
دەپ سوراپتۇ ئانىسى.

— مېنى كەچۈرۈڭ!— دەپتۇ
بالا ۋە ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئانىسى ئوغلىنى ناھايىتى ياخشى
كۆرگەچكە بۇ قېتىممۇ ئۈندىمەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. بالا يىگىت
بولۇپتۇ. مۈشۈك، چاشقان، كۈچۈكـ
لەرمۇ چوڭ بولۇشۇپتۇ. كۈنلەرـ
نىڭ بىرىدە يىگىت دەريادىن
بېلىق تۇتۇپ كەپتۇ. ئۇنى تاـ
زىلاۋېتىپ، ئۆپكىسىنى ئىتتىغا
تاشلاپ بېرىپتۇ.

ئىت ئۇنىڭغا بېلىقنىڭ
ئۆپكىسى ئىچىدىن قۇياشتەك
نۇر چېچىپ تۇرغان كىچىكـ
كىنە بىر تال تاش تېپىپ
بېرىپتۇ. بۇ تاش — ياـ
قۇت ئىكەن.





يىگىت ئىنتايىن سۆيۈنۈپتۇ. ياقۇتنى تىلىنىڭ ئاستىغا قويۇپ تىلەپتۇ:

— يېمىكىمىز مول بولسۇن!

شۇ هامان يىگىتنىڭ ئالدىدا هەر خىل نازۇ نېمەتلەر تەل بوپتۇ.

يىگىت ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ياقۇتنى كۆرسىتىپتۇ. ئانىسى ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار هېچقانداق موهتاجلىق كۆرمەي، هايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

شۇ يۇرتنىڭ پادىشاهىنىڭ ناهايىتى چىرايلىق بىر قىزى بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىگىت ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— مەن پادىشاهنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ يىگىت ۋە ئانىسىدىن ئەلچىلىككە بېرىشنى سوراپتۇ.

— ۋاي ئوغلۇم، بىز كەمبەغەل تۇرساق... بىز نەدە، پادىشاه نەدە؟ بارمايمەن!— دەپتۇ ئانىسى.

— ياق، بارىسىز!— دەپ تۇرۇۋاپتۇ يىگىت.

ئانا نائىلاج رازى بولۇپتۇ.

— بوپتۇ، بارسام باراي!

پادىشاه سەهەردە سارايغا كەلسە ئىشىك ئالدى چىرايلىق سۈپۈرۈلگەنىكەن. بىرىنچى قېتىم بولغاچقا، ئۇنچە ئېتىبار قىلماپتۇ. ئىككىنچى كۈنى كەلسە، ئىشىك ئالدى يەنە سۈ-

پۈرۈكلۈك تۇرغۇدەك. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان پادىشاھ مەخسۇس پايلاقچى قويۇپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە پايلاقچىلار ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقان ئانىنى تۇتۇپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپتۇ.

— مەقسىتىڭنى ئېيت! — دەپتۇ پادىشاھ.

— قىزىڭىزنى ئوغلۇمغا سوراپ، قۇدا بولغىلى كەلدىم، — دەپتۇ ئانا.

بۇ گەپتىن دەرغەزەپ بولغان پادىشاھ ئانىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇماقچى بولغاندا، ئوڭ قول ۋەزىرى مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئەي دۆلەت پاناھ! ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئېغىر بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلىڭ، قايتا دەرگاھىڭىزغا ئاياغ باسمايدۇ.

پادىشاھقا بۇ مەسلىھەت يېقىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداقتا بېرىپ ئوغلۇڭغا ئېيت: 40 تۆگە كەلگۈدەك تويلۇق ئالتۇن بەر-سۇن! — دەپتۇ پادىشاھ.

ئانا ئۆيگە بېرىپ، ئوغلىغا ۋەقەنى ئېيتىپتۇ ۋە نامراتلىقىدىن ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ.

— يىغلىماڭ! — دەپتۇ ئوغۇل ۋە ياقۇتقا ئېيتقانىكەن، سەھەردە زەر ئارتىلغان 40 تۆگە كارۋىنى ئۆينىڭ ئالدىدا رەتكە تىزىلىپ تۇرۇپتۇ.

— مانا، ئانا، پادىشاھقا ئاپىرىپ بېرىڭ! — دەپتۇ ئوغۇل.

تويلۇقنى ئالغان پادىشاھ قاتتىق ھەيران بولغان ھالدا:

— ئەمدى بېرىپ ئوغلۇڭغا ئېيت! كېلىن ئۈچۈن ئالتۇن قەسىر سالدۇرسۇن!

ناھايىتى غەمگە پاتقان ئانا ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ۋەقەنى بايان قىپتۇ.

— ئەنسىرىمەڭ ئانا! — دەپتۇ ئوغلى، — سارايمۇ سېلىنىدۇ.

ئەتىسى سەھەردىلا دەريا لېۋىدە كاتتا ئالتۇن قەسىر پەيدا بولۇپتۇ. بۇنداق قەسىر ئالەمدە يوق ئىكەن.

— قەسىر تەييار بولدى! — دەپتۇ ئانا پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ.

پادىشاھ كېلىپ ئالتۇن قەسىرنى كۆرۈپتۇ. بۇ قەسىردە بايلىق شۇنچىلىك كۆپ ئى-كەنكى... پادىشاھنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ.

پادىشاھ سىنچىلاپ قاراپ، ئالتۇن سارايىنىڭ بىر بالاسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى كۆ-رۈپ، ئۇستىلارغا ئۆزىنىڭ خەزىنىسىدىكى ئالتۇنلاردىن بىر بالا ياساشقا پەرمان بېرىپ-تۇ. ئەمما پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىكى ئالتۇنلار يەتمەپتۇ. خان پۈتۈن خەزىنىسى، پۇلى، ھەتتا ئۆز ئۆيىدىكى ۋە ئادەملەر قولىدىكى تىللا بۇيۇملارنى يىغدۇرۇپتۇ، ئەمما يەنىلا كەم قالغان بىر تال بالاسى پۈتمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بالىنىڭ بايلىقىغا قايىل بو-لۇپ، قىزىنى توي قىلىپ ئۇزىتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر جادۇگىرى بولۇپ، ئۇ يىگىتنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولۇپتۇ. شۇڭا

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەسىرگە كەپتۇ ۋە ئانىدىن يىگىتنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. ئانىنىڭ ئېيتمىغىنىغا ئۇنىماپتۇ.

— بۇلارنىڭ سىرى شۇكى، — دەپتۇ ئانا، — ئوغلۇمنىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا بىر تال ياقۇت بار. ئۇ ھەرقانداق ئارزۇغا يېتىشتۈرىدۇ.

مەككار جادۇگەر سىرنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى كېچىسى يىگىت قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدىن پايدىلىنىپ ياقۇتنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئەي ياقۇت، ئالتۇن قەسىرنى خان سارىيىغا يۆتكەپ قوي! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

شۇ زامانلا قەسىر خان سارىيىغا بېرىپ قاپتۇ.

يىگىت كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، غېرىبانە كۆلبىسى ئىچىدە ياتقۇدەك، ئانا يىغلارمىش: بىر چەتتە مۈشۈك، چاشقان ۋە ئىت قاراپ ئولتۇرارمىش.

— ئاھ، شورۇم قۇرىدى! — دەپ پېشانىسىگە ئۇرۇپ ھۆكىرەپ يىغلاپتۇ يىگىت، — ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

ئۇ، مەيدىسىنى نەمگە يېقىپ يېتىپ قاپتۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچالماپتۇ.

بۇ ھالەتتىن مۈشۈك، ئىت ۋە چاشقانىنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرىچە «قانداق قىلساق ئىگىمىزنى قۇتقۇزىمىز؟» دەپ ئويلىشىپتۇ.

ئاخىر، مۈشۈك مياڭلاپتۇ، ئىت قاۋاپتۇ، چاشقان چىرىلداپتۇ ۋە ئاللىقانداق ئىشلارنى پىلانلاپ، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، يول يۈرۈشسىمۇ مول يۈرۈشۈپتۇ. ئاخىر پادىشاھنىڭ سارىيىغا يېقىنلىشىپتۇ. قارىسا، ئالتۇن قەسىر سارىي ئىچىدە پارقىراپ تۇرغۇدەك.

— تاپتۇق! — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

سارايىنىڭ تاملىرى ئېگىز، ئىشىكلىرى تاقالغان بولۇپ، كىرگۈدەك يېرى يوق ئىكەن. ئۈچى مەسلىھەت قىلىشىپ: «كۈندۈزى كىرىشنىڭ ئىلاجى يوق، قاراۋۇللار كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جادۇگەر سەزگۈر. قانداق قىلىپ بولسۇن ھازىر كىرىش كېرەك!» دېگەن قارارغا كېلىشىپتۇ. شۇ ئوي بىلەن تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، تۇپراق بىلەن تولدۇرۇلغان كىچىككىنە بىر تۆشۈكنى تېپىۋاپتۇ. چاشقان تاتىلاپ تۆشۈكنى ئېچىشقا باشلاپتۇ، مۈشۈك تۇپراقنى سۈپۈرۈپتۇ. ئىت تارتىپتۇ. ئاخىر تۆشۈكنىڭ ئاغزى ئېچىلىپتۇ.

ئىچكىرىگە ئاۋۋال چاشقان، ئۇنىڭ كەينىدىن مۈشۈك كىرىپتۇ. ئىت تۆشۈك ئاغزىدا پايلاپ قاپتۇ.

مۈشۈك بىلەن چاشقان سارايىنى ئايلىنىپ بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇ ئۆيدە مەلىكە ۋە ئۇنى قوغداپ جادۇگەر كەمپىر ياتقانىكەن. كەمپىرنىڭ ئاغزى چىڭ يۇمۇلغان بولۇپ، ياقۇت ئۇنىڭ تىلىنىڭ تېگىدە ئىكەن.

ئەقىللىق چاشقان مۈشۈككە: «تەييار بولۇپ تۇر!» دېگەندەك شەرەتلەپتۇ. ئاندىن

ئاستاغىنا قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ، كەمپىرنىڭ بۇرنىغا تىقىپتۇ.
— ئەپچىششۇ!— دېگەن چۈشكۈرۈش ئاۋازى بىلەن تەڭ كەمپىرنىڭ ئاغزىدىن ئې-
تىلىپ چىققان ياقۇت مۈشۈكنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپتۇ. كەمپىر ئۆزىگە كەلگۈچە، چاشقان بى-
لەن مۈشۈك ئۆيدىن چىقىپ، ئۆزلىرىنى تۆشۈككە ئۇرۇپتۇ، مۈشۈك ياقۇتنى ئىتقا تاپ-
شۇرۇپتۇ. ئۇلار قېچىپ كېتىپتۇ.
پادىشاھنىڭ سارىيىدا كۆتۈرۈلگەن «تۇت! قوغلا!» دېگەندەك چۇقان - غوۋغالار
پۈتۈن ئالەمنى بىر ئاپتۇ. ئەمما ساراي ئەھلى ياقۇتنىڭ قانداق يوقالغىنىنى بىلمەي
ھەيران بولۇپتۇ، لېكىن ياقۇتنىڭ ئىت ئاغزىدا ئىكەنلىكى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەپتۇ.
ئىت، مۈشۈك، چاشقان قاتارلىقلار دالالار، خىلۋەت يوللار بىلەن يۈرۈپ، دەريا
لېۋىگە كەپتۇ. مۈشۈك دەپتۇ:



— ياقۇتنى ماڭا بەر! مەن ئېلىپ ئۆتىمەن.
— ياق، مەن ئېلىپ ئۆتىمەن. سەن بەك كىچىك،
سۇغا چۈشۈرۈپ قويىسەن!— دەپ قارشىلىق قىلىپتۇ
ئىت.
ئىت بىلەن مۈشۈك كۆپ تارتىشىپتۇ. ئاخىر ئىت
زورلۇق قىلىپ، ئۆزى ئېلىپ ئۆتىدىغان بولۇپتۇ.
ئۇلار دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈۋېتىپ، ئەمدىلا
دەريانىڭ يېرىمىغا كېلىشكەندە، ئىت ئىتلىقىنى
قىپتۇ: ئۇ سۇدىكى ئىتنى (ئەسلىدە ئۆزىنىڭ
ئەكسىنى) كۆرۈپتۇ ۋە شۇ ھامان:
— ھاۋ - ھاۋ!— دەپ ساپتۇ.
ياقۇت «چولتۇك»كىدە قىلىپ سۇغا
چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاللىقانداق بىر چوڭ
بېلىق ئۇنى يۇتۇۋاپتۇ.
— مەن دېمىدىممۇ!— دەپتۇ
مۈشۈك.
ئۇلار قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، ئى-
گىسىنىڭ ئالدىغا قانداق بېرىشنى
بىلمەي غەمگە پېتىپتۇ.
شۇ ئەتراپتا بېلىقچىلار
ياشايدىكەن. مۈشۈك،
چاشقان، ئىت قاتارلىقلار

ئۇلارنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا نەچچە كۈنلەپ تىمىسقىلاپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى بىلىقچىلاردىن بىرى چوڭ بىر بېلىق تۇتۇۋاپتۇ، ئۇنى پاكىزلاپ ئۈچەي ـ پۈچەيلىرىنى ئىت بىلەن مۈشۈككە تاشلاپ بېرىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن مۈشۈك ياقۇتنى تېپىۋاپتۇ، بۇ ياقۇتنى يۇتۇۋالغان بېلىقنىڭ ئىچ ـ باغرى ئىكەن. ئۇلار سۆيۈنۈش ئىچىدە ئىگىسىنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ.

— ۋاي، مۈشۈكۈك، چاشقان بىلەن ئىتىڭ كەلدى، تۇر ئوغلۇم، — دەپتۇ ئانىسى.

يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ، تەرلەپ ـ پىشىپ كەتكەن مۈشۈك، چاشقان، ئىتلىرىنى كۆرۈپتۇ.

— مياۋ!— دەپتۇ مۈشۈك.

— هاۋ ـ هاۋ!— دەپتۇ ئىت ئەركىلەپ.

مۈشۈك ياقۇتنى يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا باغرىنى ۋە بېشىنى سۈرۈپتۇ. ئىتمۇ ئەركىلەپتۇ، چاشقانمۇ دىكىلداپ سەكرەپتۇ. يىگىت ئۇلارنى سىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن!

— بىزنى سەن ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغانىدىڭ. بىز ئۆمۈر بويى ساڭا ياخشىلىق قىلىمىز، — دېيىشىپتۇ ئىت، چاشقان، مۈشۈك.

شۇ چاغدا يىگىت «هەي ياقۇت، ئالتۇن قەسرىم يېنىمدا بولسۇن!» دېمەكچى بولۇپ:

— هەي ياقۇت، ئالتۇن قەسرىم يېنىمدا..— دېيىشىگە، ئانىسى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— بولدى قىل، قەسىر كېرەك ئەمەس، ئوغلۇم!— دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت:

— ئەمىسە، يەر يۈزىدىن قەسىر يوقالسۇن!— دەپتۇ.

شۇ سۆز بىلەن تەڭ خان سارىيىمۇ، جادۇگەرمۇ، خان بىلەن قىزىمۇ قەسىر بىلەن بىللە يەر يۈزىدىن يوقىلىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىگىت بىر باغۋەننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ ۋە ئىت، مۈشۈك، چاشقان قاتارلىقلار بىلەن خۇشال ـ خۇرام هايات كەچۈرۈپتۇ.



# ئت بلەن قوي

بر كۆنى قوي پادسننڭ ئارقسدىن ئەگشىپ كېلۋاتقان ئت يېندكى قويغا قاراپ مەغرۇرلانغان هالدا:

— بز ئككمزنڭ بوي - تۇرقى ئوخشاش، لېكن سەن بر قېتمدا ئاران برنى تۆللەيسەن، مەن بر قېتمدا يەتتە - سەككزنى كۆچۈكلەيمەن. بۇنڭ سەۋەبنى بلەمسەن؟— دەپتۇ. بۇنى ئاڭلغان قوي:

— راست ئېيتسەن، ئككمزنڭ بوي - تۇرقمز ئوخشاش. مەن بر قېتمدا برنى تۆللەيمەن. سەن يەتتە - سەككزنى كۆچۈكلەيسەن. لېكن سەن بزدەك كۆپيەلمەيسەن، بز ئاز تۇغمز، ئاسان كۆپييمز، بۇنڭ سەۋەبنى بلەمسەن؟— دەپتۇ قوي سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بز ناهايتى ئناق. ئاداۋەتسز، توپ - توپ بولۇپ بر - برمزنى هۆرمەتلەپ ياشايمز. سلەر يەتتە - سەككزڭلار بر قورساقتن تۇغۇلساڭلارمۇ بر - برڭلار بلەن چقشالمايسلەر، سۆڭەك تالشىپ بر - برڭلارنى چشلەيسلەر، بوغۇشسلەر. ئككڭلار بريەرگە كېلەلمەيسلەر.

بۇنى ئاڭلغان ئت قۇيرۇقنى قسىپ ئاستا كېتىپ قاپتۇ.





# پاشا بىلەن بوغۇن

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا، ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ سورۇنىدا بوغۇن بىلەن پاشا ئۆزئارا قۇدىلاشماقچى بولۇشۇپتۇ. بىر كۈنى توي-لۇق ئىشىنى كېلىشمەكچى بولۇپ بوغۇن پاشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. نېرى - بېرى پاراڭلاردىن كېيىن، بوغۇن نەق گەپكە كېلىپ تويلۇق توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ:

— قىزىڭىزغا قانچىلىك تويلۇق بەرسەم رازى بولىسىز؟— دەپ سوراپتۇ. پاشا:

— مىڭ، مىڭ، مىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان بوغۇن:

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، بولمايدۇ! بۇنداق تويىنى زادى قىلمايمەن، قىلمايمەن، — دەپ غودۇڭشىغىنىچە كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پاشا «مىڭ، مىڭ، مىڭ» دەپ دېگىنىدىن يانمايدىكەن. بوغۇنمۇ «بوڭ، بوڭ، بوڭ» قىلىدىكەن. پاشىنىڭ غىڭىلدىشى، بوغۇننىڭ بوغۇلدىشى مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



# مۇز بىلەن سوغۇقنىڭ تويى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا سوغۇق يامان، مۇز قاۋان ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سوغۇق بىر ئوغلىنى مۇزنىڭ قىزىغا ئۆيلەشنى مەقسەت قىلىپ، ئايالىنى ئېلىپ مۇزنىڭ ئۆيىگە داستىخان تاشلاشقا بېرىپتۇ.

سوغۇق ئايالى بىلەن ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دەپ مۇزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. سالام - سەھەتتىن كېيىن سوغۇق:

— ئوغۇل ئۆيلەشنى، نەۋرە بۆلەشنى ئارزۇ قىلىپ، ئاز بولسىمۇ بۇ داستىخاننى راسلاپ كەلدۇق، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىپ ئالارلا، قىزلىرىنى بىزگە قوشۇپ يولغا سالارلا، — دەپتۇ.

مۇز ئۆزىنىڭ سوغۇققا ئوخشاش مۇشۇنداق ياخشى قۇدىغا ئېرىشكىنى ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئاز كۈن ئۆتمەي توي قىلىنىپتۇ. تويغا جۇدۇن، بوران، قار، شىۋىرغان قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى قەدەم تەشرىپ قىپتۇ.

تويغا ئاش تارتىلغاندا تەكەببۇر شۋىرغانغا ئاش ئاز تارتىلىپ قالغان سەۋەبلىك قاپىقىنى زادىلا ئاچماپتۇ. بۇنى كۆرۈپ غەزەپكە كەلگەن جۇدۇن مۆلدۈرنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ، شىۋىرغاننىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىن داتلاپتۇ. مۆلدۈر شىۋىرغانغا تەنبىھ بەرگەنىكەن، شىۋىرغان:

— مۆلدۈر بەگزادە، مەن ئۆزلىرىگە گەپ قىلغىنىم يوق، سىلە مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشمىسىلا، سوغۇق دېگەن بۇ پېخسىقنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارىتىنى كۆرمەملا، — دەپ ۋايساپتۇ.

گەپتىن گەپ تېپىلىپ شىۋىرغان بىلەن مۆلدۈر ياقا سىقىشىپ قاپتۇ. سوغۇق:

— ھوي، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، بۇ نېمە قىلىق؟— دەپ، ئوتتۇرىغا چۈشكەنىكەن، تاسادىپىي ئۇنىڭ كۆزىگە بىر مۇشت تېگىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەسكىن مۇشتلىشىش باشلىنىپ كېتىپتۇ.

مۇز شىۋىرغان بىلەن ئاكا - ئۇكا بولغاچقا شىۋىرغانغا بولۇشۇپ ئارىغا چۈشۈپتۇ. سوغۇق سان جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكتە تۇرغاچقا، مۇز بىلەن شىۋىرغاننى ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. توي ھازىغا ئايلىنىپتۇ. قىيا - چىيا باشلىنىپتۇ. مۇزنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن سوغۇقنىڭ تۇغقانلىرى ئىككى تەرەپ بولۇپ راسا سوقۇشۇپتۇ. ئاخىر ئۇلار قازىنىڭ ئالدىغا سۆرىشىپ بېرىپتۇ. قازى ئۇلارنى چىرايلىق ئايرىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىگە راۋان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن تا ھازىرغىچە سوغۇقنىڭ ئوغلى بويتاق، مۇزنىڭ قىزى قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دائىم ئۇچرىشىپ تۇرسىمۇ، بىر - بىرىگە قاپىقىنى ئاچمايدىغان بولغانمىش.



# بۆرە بىلەن قاغىنىڭ دوستلۇقى



بۇرۇنقى زاماندا بۆرە بىلەن قاغا دوست ئىكەن. بىر كۈنى بۆرە بىر ئېشەك ئوۋلاپ كېلىپتىكەن، قاغا بۇنى كۆرۈپ بۆرىگە تاپقانلىرى تەڭ يەپ، داۋاملىق ياخشى ئۆتۈشنى ئېيتىپتۇ. بۆرە بىلەن قاغا ئېشەكنىڭ گۆشىنى بىرقانچە ۋاقىتلار يەپ كۈننى ئوبدان ئۆتكۈزۈپتۇ. ئېشەك گۆشى تۈگىشىگە قاغا كېتىپتۇ. بۆرىنىڭ قورسىقى تازا ئېچىپتۇ، ئوۋ قىلىدىغان ھالىمۇ قالماپتۇ. بۆرە دەرەختە شۇنداق قارىسا قاغا بىر نەرسە يەۋاتقۇدەك.

— جېنىم دوستۇم، يەۋاتقىنىڭنى تەڭ يەيلى، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دەپتۇ بۆرە. قاغا پەرۋاسىز ئولتۇرۇپ يەۋېرىپتۇ. بۆرە قاغىنىڭ مۇنداق شەخسىيەتچى، بەتنىيەتلىكىدىن دىلى رەنجىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئارىسىدا «بۆرىنىڭ تاپقىنى تەڭ ـ ئورتاق، قاغىنىڭ تاپقىنى دەرەخ بېشىدا» دېگەن تەمسىل تارقالغانىكەن.



# ئەقىللىق پاقا

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ياز بىلەن كۈز ئارىسىدا مۇنداق بىر ئىش بوپتۇ. بىر كۆلدە ئۇزۇن زامانلارغىچە نۇرغۇن پاقىلار ياشاپ، شۇ كۆلدە كۆپىيىپ، شۇ كۆلدە ئاخشاملىرى «نەغمە - ناۋا» قىلىپ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پاقىلاردىن بىرنەچچىسى كۆرەڭلەپ:

— مۇشۇنداقمۇ سېسىق كۆلدە ياشامدۇ، پاكىز، سۈزۈك سۈيى بار كۆلگە كۆچۈپ كېتەيلى، — دەپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ. بەزى پاقىلار ئۇلارغا قوشۇلۇپ، كۆلنىڭ سېسىقلىقىنى گويا ئەمدىلا كۆرگەندەك يىرگىنىپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى ئېتىشىپتۇ، بەزىلىرى كۆچىمىز دەپتۇ، بەزىلىرى كۆچمەيمىز دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بېرىپتۇ.

بۇ كۆلدە بىر قېرى پاقا بار ئىكەن، ئۇ پاقىلارنىڭ تالاش - تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ:

— سىلەر خۇش پۇراق، سۈيى سۈپسۈزۈك يېڭى كۆلگە كۆچمەكچىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە.

— سىلەرچە ھازىر بۇ كۆلىمىز سېسىپ، تۇرغىلى بولمايدىغان بولۇپ قاپتىمۇ؟

— شۇنداق بولۇپ قالدى.

— يېڭى كۆلگە بارغاندىن كېيىن ئوزۇقلىنامسىلەر؟

— قىزىق گەپ بولدى، ئوزۇقلانماي ھايات كەچۈرگىلى بولامدۇ، بوۋاي؟ سەن ئالجىپ قالدىڭمۇ قانداق؟ — دەپ پاقىلار تەرەپ - تەرەپتىن كوركىرىشىپتۇ.

— سەۋر قىلىڭلار، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ قېرى پاقا، — ئېيتقىنىڭلاردەك ئوزۇقلانماي ھايات كەچۈرگىلى بولمىسا، يېڭى كۆلگە بارغاندىن كېيىن ئۇنىمۇ ئىككى كۈندىلا سېسىتىسىلەر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردىنمۇ كۆچىمىز، دەپ چۇقان سالارسىلەر؟ گەپ ئۆزىمىزدە، ئۆزىمىز ھۇرۇن بولساق، ئۇ يەرنىمۇ ئوڭايلا پاسكىنا قىلىمىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ يەرنى ماكان قىلغاندا، بۇ كۆلمۇ پاكىز، خۇش پۇراق، سۈيى سۈزۈك ئىدى. لېكىن بىز ھۇرۇنلۇق قىلىپ، يېيىشنىلا بىلدۇق، ئەمگەك قىلمى-



دۇق. كۆلىمىزنى پات ـ پات تازىلاپ تۇرمىدۇق. ئەيىب كۆلدە ئەمەس، ئۆزىمىزدە. «پاكىزلىقتىن ھەسەل، پاسكىنىلىقتىن كېسەل» دېگەن گەپ بار. بۇ يەردىن كۆچىمىز دې‐گۆچە، بەلنى چىڭ باغلاپ، كۆلنى تازىلىساق، بۇ كۆلمۇ ھېچقانداق كۆلدىن قېلىشمايدۇ.

كۆچىمىز دېگەنلەر قېرى پاقىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىجىل بولۇپ، جىم بولۇشۇپ قاپتۇ. ئاخىر ھەممە پاقىلار بىرلىشىپ، كۆلنى تازىلاشقا باشلاپتۇ. كۆل شۇنداق خۇش پۇراق، سۈيى سۈزۈك كۆلگە ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەممىسى قېرى پاقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى «ئەقىللىك پاقا» دېيىشىدىغان بوپتۇ.

# چېكەتكە بىلەن چۈمۈلە

چېكەتكە بىلەن چۈمۈلە يېقىن دوستلاردىن بولۇشۇپ بىرلىكتە يولغا چىقىشىپتۇ. مېڭىپ - مېڭىپ، چوڭ ئېرىق بويىغا يېتىپ كېلىشىپتۇ. بۇ چاغدا چېكەتكە:

— دوستۇم چۈمۈلە، مەن قارشى قىرغاققا سەكرەپ ئۆتىمەن، سەن قانداق ئۆتەسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— مەنمۇ سەكرەپ ئۆتىمەن، — دەپتۇ چۈمۈلە.

چېكەتكە دىككىدە سەكرەپ ئېرىقنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈۋاپتۇ، چۈمۈلە بولسا، ئۆتىمەن دەپ ئېرىققا يىقىلىپ ئېقىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. شۇندا چۈمۈلە:

— دوستۇم، ياردەم قىلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋال!— دەپ يېلىنىپتۇ.

چېكەتكە دىك - دىك سەكرەپ، چوشقىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ:

— چوشقىۋاي، چوشقىۋاي، يۇڭۇڭدىن بەرگىن، ئارقان توقاي، ئۇنى ئېرىققا تاشلاپ، دوستۇمنى قۇتقۇزاي، — دەپ يېلىنىپتۇ.

چوشقا ئۇنىڭغا:



— ئالدىن دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن قورسىقىمنى تويغۇز، ئاندىن يۇڭۇمدىن خالىغىنىڭچە ئېلىۋال، — دەپتۇ.

چېكەتكە دىك ـ دىك سەكرەپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپتۇ ـ دە:

— دەرەخ، دەرەخ، يوپۇرمىقىڭدىن بەر، ئۇنى چوشقىغا بېرەي، چوشقا يۇڭىدىن بەرسۇن، يۇڭىدىن ئارقان توقاي، ئۇنى ئېرىققا تاشلاپ، دوستۇمنى قۇتقۇزاي، — دەپتۇ.

— بىر قاغا شېخىمغا قونۇۋېلىپ بەك جېنىمغا تەگدى، غاقىلداۋېرىپ ھېچ تىنچلىق بەرمىدى. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، ئۇچۇپ كەتسۇن، ئاندىن يوپۇرمىقىمدىن بېرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەرەخ.

چېكەتكە دىك ـ دىك سەكرەپ، قاغىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

— قاغىۋاي، قاغىۋاي، دەرەختىن ئۇچۇپ كەت! دەرەخ ماڭا يوپۇرماق بەرسۇن، يوپۇرماقنى چوشقىغا بېرەي، چوشقا ماڭا يۇڭ بەرسۇن، يۇڭىدىن ئارقان توقاي، ئۇنى ئېرىققا تاشلاپ دوستۇمنى قۇتقۇزاي، — دەپتۇ.

قاغا ئۇنىڭغا:

— ئەمسە ماڭا تۇخۇم ئەكېلىپ بەر، ئاندىن دەرەختىن ئۇچۇپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

چېكەتكە دىك ـ دىك سەكرەپ، توخۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

— توخۇ، ماڭا تۇخۇم تۇغۇپ بەر! تۇخۇمنى قاغىغا بېرەي، قاغا دەرەختىن ئۇچۇپ





كەتسۇن، دەرەخ ماڭا يوپۇرماق بەرسۇن، يوپۇرماقنى چوشقىغا بىرەي، چوشقا ماڭا يۇڭ بەرسۇن، يۇڭدىن ئارقان توقاي، ئۇنى ئىرىققا تاشلاپ دوستۇمنى قۇتقۇزاي، — دەپتۇ.

— ماڭا دان چىچىپ بەر، ئاندىن تۇخۇم تۇغۇپ بىرىمەن، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ توخۇ.

چىكەتكە دىك ـ دىك سەكرەپ، ئامبارغا بىرىپتۇ:

— ئامبار، ئامبار، ماڭا دان بەر، داننى توخۇغا بىرەي، توخۇ ماڭا تۇخۇم بەرسۇن، تۇخۇمنى قاغىغا بىرەي، قاغا دەرەختىن ئۇچۇپ كەتسۇن، دەرەخ ماڭا يوپۇرماق بەرسۇن، يوپۇرماقنى چوشقىغا بىرەي، چوشقا ماڭا يۇڭ بەرسۇن، يۇڭدىن ئارقان توقاي، ئۇنى ئىرىققا تاشلاپ، دوستۇمنى قۇتقۇزاي، — دەپتۇ.

— چاشقانلار مىنى بەكلا قىيناپ كەتتى، ھەممە ياقتىن تىشىپ تىنچلىق بەرمەيدۇ؛ ئۇلارغا ئىيت، مىنى تىنچ قويسۇن، ئاندىن ساڭا دان بىرەي، — دەپتۇ ئامبار.

چىكەتكە دىك ـ دىك سەكرەپ، چاشقان ئالدىغا بىرىپتۇ:

— چاشقان، چاشقان، ئامباردىن كەت، ئامبار ماڭا دان بەرسۇن، داننى توخۇغا بىرەي، توخۇ ماڭا تۇخۇم بەرسۇن، تۇخۇمنى قاغىغا بىرەي، قاغا دەرەختىن ئۇچۇپ كەتسۇن، دەرەخ ماڭا يوپۇرماق بەرسۇن، يوپۇرماقنى چوشقىغا بىرەي، چوشقا ماڭا يۇڭ بەرسۇن، يۇڭدىن ئارقان توقاي، ئۇنى ئىرىققا تاشلاپ، دوستۇمنى قۇتقۇزاي، — دەپتۇ.

چاشقان بولسا:

— مۈشۈككە ئېيت، مېنى پايلاپ ياتمىسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئامبارنى ھەرگىز تەشمەيمەن، — دەپتۇ.

چېكەتكە دىك - دىك سەكرەپ، مۈشۈكنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

— مۈشۈك، مۈشۈك، چاشقانغا تەگمە، ئۇ ئامبارنى تەشمىسۇن، ئامبار ماڭا دان بەرسۇن، داننى توخۇغا بېرەي، توخۇ ماڭا تۇخۇم بەرسۇن، تۇخۇمنى قاغىغا بېرەي، قاغا دەرەختىن ئۇچۇپ كەتسۇن، دەرەخ ماڭا يوپۇرماق بەرسۇن، يوپۇرماقنى چوشقىغا بېرەي، چوشقا ماڭا يۇڭ بەرسۇن، يۇڭدىن ئارقان توقاي، ئۇنى ئېرىققا تاشلاپ، دوستۇمنى قۇتقۇزاي، — دەپتۇ.

مۈشۈك ئۇنىڭغا:

— ئەمسە سۈت ئەكېلىپ بەرگىن، قورسىقىم تويغاندىن كېيىن چاشقانغا قايرىلىپمۇ قارىمايمەن، — دەپتۇ.

چېكەتكە دىك - دىك سەكرەپ، سىيىرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

— سىيىر، سىيىر، سۈتۈڭدىن بەر، مۈشۈكۋاي ئىچىپ تويسۇن، چاشقانغا تەگمىسۇن، چاشقان ئامبارنى تەشمىسۇن، ئامبار ماڭا دان بەرسۇن، داننى توخۇغا بېرەي، توخۇ ماڭا تۇخۇم بەرسۇن، تۇخۇمنى قاغىغا بېرەي، قاغا دەرەختىن ئۇچۇپ كەتسۇن، دەرەخ ماڭا يوپۇرماق بەرسۇن، يوپۇرماقنى چوشقىغا بېرەي، چوشقا ماڭا يۇڭ بەرسۇن، يۇڭدىن ئارقان توقاي، ئۇنى ئېرىققا تاشلاپ دوستۇمنى قۇتقۇزاي، — دەپتۇ.

— ماڭا دالادىن ئوت ئەكىلىپ بەر، ئاندىن ساڭا سۈت بېرىمەن، — دەپتۇ سىيىر.

چېكەتكە دىك - دىك سەكرەپ دالاغا بېرىپتۇ-دە، سىيىرغا ئوت يۇلۇپ ئېلىپ كەپتۇ، سىيىر ئۇنىڭغا سۈت بېرىپتۇ.

چېكەتكە سۈتنى مۈشۈككە ئەكېلىپ بېرىپتۇ، مۈشۈك چاشقاننى مارىمايدىغان بولۇپتۇ. چاشقان ئامبارنى تەشمەيدىغان بولۇپتۇ، ئامبار دان بېرىپتۇ، چېكەتكە داننى توخۇغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ، توخۇ ئۇنىڭغا تۇخۇم بېرىپتۇ، تۇخۇمنى قاغىغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ، قاغا دەرەختىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ، دەرەخ يوپۇرمىقىدىن بېرىپتۇ، چېكەتكە يوپۇرماقنى چوشقىغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ، چوشقا يۇڭىدىن بېرىپتۇ، چېكەتكە ئۇنىڭدىن ئارقان توقۇپتۇ-دە، ئۇچىغا چۆپ باغلاپ، سۇغا تاشلاپتۇ.

— تۇتۇۋال، دوستۇم چۈمۈلىۋاي!— دەپتۇ ئۇ.

چۈمۈلە چۆپكە يېپىشىپتۇ، چېكەتكە ئارقاننى تارتىپ، چۈمۈلىنى چىقىرىۋاپتۇ.

كېيىن ئۇلار بىرئاز دەم ئېلىپ، يەنە يولغا چۈشۈپتۇ.



# ئوۋغا چىققان «بۇرادەرلەر»

رىۋايەت قىلىنىشىچە، شىرلاردىن بىرى بۆرە، تۈلكە ۋە ئېيىق بىلەن شېرىك بولۇپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا ۋەدە بېرىشىپ: «ئەگەر بىرەر ئولجىنى قولغا چۈشۈرسەك، ئادىللىق بىلەن تەڭ بۆلۈشىمىز!» دېيىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار خېلى كۆپ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا بىر جاڭگاللىققا كەپتۇ ۋە بىر كېيىكنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر تەرەپتىن قورشاپ، قوغلاپ دېگەندەك كېيىكنى ناھايىتى تەسلىكتە تۇتۇۋاپتۇ. ئاندىن ئۇنى تۆتكە پارچىلاپتۇ ۋە ھەركىم ئۆز نېسىۋىسىنى ئالماقچى بولۇپتۇ. بۇ چاغدا شىر نەرە تارتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— سەۋر قىلىڭلار بۇرادەرلەر، تۆتكە پارچىلانغان كېيىك گۆشىنىڭ بۇ بىر پارچىسى مېنىڭكىدۇر، چۈنكى مەن ئىچىڭلاردا ئەڭ يۈكسەك شانۇشاۋكەتكە ئىگە بولغۇچىمەن. مانا بۇ ئىككىنچى پارچىسى بولسا، مەن ھەممىدىن كۆپرەك ھەرىكەت قىلغىنىم ئۈچۈن ئالىمەن. ئۈچىنچى، تۆتىنچى پارچىلىرىمۇ مېنىڭ ھەققىمدۇر. ئەگەر كىمكى بۇنىڭغا رازى بولمىسا چىقسۇن، مەن ئۇنىڭ بىلەن يەكمۇيەك جەڭ قىلىشقا تەييارمەن!

بىچارە جانىۋارلار ئۈندىيەلمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.



# قېرى شىرنىڭ ھېكايىسى

ئورمانلىقلارنىڭ ئىچىدە بىر شىر ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ياشلىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت-
لىك ۋاقتىدا ھېچقانداق جانىۋارنى مەنسىتمەيدىكەن، ئۇلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىدى-
كەن، ئۇنىڭ سۈر - ھەيۋىسىدىن ھېچقانداق بىر ھايۋان يۈرەكلىك ئۇۋ ئۇۋلاشقا،
ئوتلاقتا ئوتلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئەمما شىر قېرىغان پەيتىدە شۇنداق زەئىپ
ۋە ھارغىن ھالغا چۈشۈپ قاپتۇكى، ئورمانلىقتىكى جانىۋارلارنىڭ بەزىسى ئۇنىڭغا بىئە-
دەپلىك قىلىشقا، بەزىسى ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە شىرغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭ-
دىن شىر قاتتىق بىئارام ۋە كۆڭۈل غەشلىكىگە پېتىپتۇ. ئۇ ھايۋانلاردىن ئۆزىنى قوغداي
دېسە، پۇت - پولىدا زەررىچە ماجال يوق ئىكەن. بولۇپمۇ ھايۋانلار ئارىسىدىكى ئې-
شەك پەشۋا ئېتىپ ھەر كۈنى ئۇنى غەمگە سالار ئىكەن.



# ئېشەك بىلەن ئويۇنچى ئىت



بىر كىشىنىڭ ناھايىتى ئويۇنچى بىر ئىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئويۇنىشىدىن ئىگىسى ناھايىتى خۇش بولىدىكەن، ھەر كۈنى ئىتنى يېتىلەپ ئۇنىڭ قۇيرۇق شىپاڭتىشلىرىغا، سەكرەپ - تاقلاشلىرىغا زوقلىنىپ قارايدىكەن.

بۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە يەنە بىر ئېشەكمۇ بولۇپ، ئىگىسىنىڭ ئىتنىڭ ئويۇنىنى شۇنچە زوقلىنىپ كۆرىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئەتىۋارلاپ يېتىلەپ يۈرىدىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولىدىكەن ۋە ئۆزىچە: «غوجايىن نېمىشقا مېنى ياخشى كۆرمەيدىغاندۇ؟ ئەگەر مەنمۇ ئىتقا ئوخشاش ئوينىسام، ئىگەمنى خۇرسەن قىلىدىغان ئوخشىمامدىمەن؟» دېگەن ئويغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىگىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ، ئوڭ - چەپكە سەكرەشكە باشلاپتۇ.

غوجايىن ئويۇنچى  ئىت بىلەن ئېشەك ئارىسىدا پەرق بارلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئېشەكنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ كېتىپتۇ.

# بۆرە ۋە ساقال

بىر ئېغىلدا ئىككى ئوغلىقى بار بىر ئۆچكە بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ سىرتقا چىقماقچى بوپتۇ ۋە بالىلىرىغا ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ھېچكىمگە ئاچماسلىقنى قاتتىق تاپىلاپتۇ.

ئانا ئۆچكە كۆزدىن يوتۇشى بىلەن تەڭ بىر ياندا ماراپ تۇرغان بىر بۆرە ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئۆچكە بالىلىرىغا ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي ئوغلاقلىرىم، ئىشىكنى ئېچىڭلار، مەن ئاناڭلارمەن!

ئېغىل ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقماپتۇ.

بۆرە يەنە سۆزىنى تەكرارلاپتۇ:

— بالىلىرىم، ئىشىكنى ئېچىڭلار، مەن ئاناڭلار!

بىر چاغدا ئۆچكە بالىلىرى چۇۋىلدىشىپ كېتىپتۇ ۋە بىرىنىڭ كۆزى كۆرۈنۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— ساقىلىڭىزنى كۆرسىتىڭ، ساقىلىڭىز بولسا ئاچىمىز!

بۆرە كۆرسىتەي دېسە ساقىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن «بەزىدە سىرتقى كۆرۈنۈشمۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويىدىكەن» دېگەچ ئاستا كېتىپ قاپتۇ.



# ئۆزىنى بۈركۈت سەزگەن قاغا



هاۋادا لەيلەپ يۈرگەن بۈر-
كۈتلەردىن بىرى بىر قوزىغا ھۇ-
جۇم قىلىپ، چاڭگال سېلىپلا
كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بۇ
ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان قاغى-
مۇ بىردىنلا ئۆزىنى كۈچ - غەي-
رەتكە تولغاندەك ھېس قىپتۇ ۋە
بۈركۈتكە تەقلىد قىلماقچى بو-
لۇپ، ئوتلاپ يۈرگەن قوي‍لاردىن
بىرىگە چاڭ سالپتۇ. ئاندىن ئاۋا-
زىنىڭ بارىچە قاقىلداشقا باشلاپ-
تۇ. قوي ئۇنىڭغا:
— ھەي قاغا، ئىتقا ھەرگىز
بۇنداق مۇئامىلە قىلمىغان بولغىيتتىڭ؟— دەپتۇ.
— ئەلۋەتتە، — دەپ تووۋلاپتۇ قاغا، — مەن ئىتتەكلەرنىڭ ئالدىدا دائىم خامۇش
تۇرىمەن. ئەمما ساڭا ئوخشايدىغان ئەخمەقلەرگە دۇچ كەلسەم، ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قو-
يىمەن! مانا قارا، ئەمدى مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قويسەن!
قاغا شۇنداق دەپلا قوينى كۆتۈرمەكچى بوپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ پەنجىلىرى يۇڭغا چىر-
مىشىپ قالغانىكەن. ئۇ قانچە پالاقلاپ، ئۆزىنى ھەريان ئۇرسىمۇ قوينىڭ يۇڭىدىن قۇ-
تۇلالماپتۇ. بىر چاغدا مال ئىگىسى كېلىپ، ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە بالىلىرىغا ئويۇنچۇق قى-
لىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ.
بالىلار قاغىنى كۆرۈپ ئاتىسىدىن:
— بۇ قۇشنىڭ نامى نېمە؟— دەپ سورىشىپتۇ. ئاتىسى:
— ئەسلىدە بۇنىڭ ئېتى قاغا ئىدى. بىراق بۇنىڭدىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئۇ ئۆ-
زىنى بۈركۈت دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ
تۇرغان بولسا كېرەك!— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

# يىلان بىلەن ئادەم

بىر يىلان بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولۇپ، ئۆي ئالدىدا يېتىپتۇ. دېھقاننىڭ ئوغلى ئۆيدىن چىقماقچى بولۇپ، سىرتقا چىقىپ، تاسادىپى يىلاننى دەسسەپ سېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىلان بالىنى چېقىۋاپتۇ ۋە بالا كۆپ ئۆتمەيلا جان ئۈزۈپتۇ. دېھقان ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە پالتا بىلەن يىلاننىڭ بېشىغا سېلىپتۇ. ئەمما پالتا خاتا كېتىپ، يىلان قېچىپ كېتىشكە مۇۋەپپەق بوپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە، دېھقان يىلان بىلەن سۈلھى تۈزمەكچى بوپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ يىلان رەت قىلىپ، — ناۋادا مېنىڭ كۆزۈم يېرىلغان تاشقا چۈشسە ھەم سېنىڭ دىلىڭدا پەرزەنت دېغى قوزغىلىپ قالسا، ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدا مۇھەببەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!



# ئېشەك بىلەن بۆرە



بىر ئېشەكنىڭ ئايىغىغا تىكەن كىرىپ، ئىچىدە سۇنۇپ قاپتۇ. ئۇ قانچە قىلىپمۇ تىكەننى ئىزدەپ تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر بۆرىگە مۇراجىئەت قىلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي بۆرە، پۇتۇمغا تىكەن كىرىپ سۇنۇپ قالدى، ماڭالماي بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن. ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ، پۇتۇمدىكى تىكەننى ئېلىۋەتكەن بولساڭ...

— ئەگەر رازى بولساڭ، — دەپتۇ بۆرە ئېشەككە، — نەشتەردەك چىشلىرىم بىلەن چىشلەپ ئېلىپ تاشلايمەن.

ئېشەك ماقۇل بوپتۇ. بۆرە يامان نىيەت بىلەن ئېشەكنىڭ ئايىغىنى كۈچ بىلەن چىشلىگەنىكەن، ئېشەكنىڭ ئايىغىنىڭ ئازراق تېرىسى بىلەن قوشۇلۇپ تىكەنمۇ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۆرىنىڭ يامان نىيىتىنى ئاللىقاچان سەزگەن ئېشەك بۆرىنىڭ بېشىغا زەرب بىلەن تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ قاڭشىرىنى يېرىۋېتىپ، قېچىپ كېتىپتۇ.

# ئاتنىڭ پۇشايمىنى

غوجايىن خېچىر بىلەن ئاتقا ئۆزىنىڭ ماللىرىنى ئارتىپ بازارغا مېڭىپتۇ . ئەسلىدە خېچىر بىلەن ئاتقا باسقان يۈك ئوخشاش ئىكەن. لېكىن، خېچىر بىلەن ئات بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن، خېچىر ماغدۇرسىزلىنىپ خېلى بەك ئارقىدا قاپتۇ.

— ئوبدان ئات، ماڭا ياردەم قىلىپ يۈكلىرىمنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەمسەن؟ مەن ھەقىقەتەن بولالماي قالدىم، — دەپتۇ خېچىر ئىڭراپ تۇرۇپ ئاتقا يېلىنىپ.

— كىم سېنى مۇشۇنداق يارىماس بولسۇن دەپتۇ، غوجايىن بىزنى ئوخشاش ئىشلىتىدۇ، ئوخشاش يۈك ئارتىدۇ، بۇ ئادىللىق ئەمەسمۇ، مەن ساڭا ياردەم قىلالمايمەن، — دەپتۇ ئات .

— بىراق، مەن ھەقىقەتەن بەرداشلىق بېرەلمىدىم، بولدىلا، ساڭا يېلىنىمىدىم...— دەپتۇ خېچىر ھەمراھىغا بېشىنى ساڭگىلىتىپ .

— نېمىلا دېسەڭمۇ ماقۇل بولمايمەن. بىر - بىرىمىزنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايلى، — دەپتۇ ئات ۋە خېچىر يېتىشۋالمىسۇن دېگەندەك مەغرۇرلۇق بىلەن قۇيرۇقنى شىپاڭشىتىپ تېخىمۇ ئىتتىك مېڭىۋېرىپتۇ.

بىرئاز ئۆتۈپ غوجايىن ئاتنى توختىتىپ، خېچىرنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنىڭ ھەممىسنى ئاتقا ئارتىپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئات يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن نەپەسمۇ ئالالماي قاپتۇ. ئات ئىڭراپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى: «مەن ھەقىقەتەنمۇ دوت ئىكەنمەن. بۇرۇنراق خېچىرغا ياردەم قىلغان بولسام، ئەمدىلىكتە يۈكنىڭ ھەممىسنى مەنلا كۆتۈرمىگەن بولاتتىم. ئەسلىدە باشقىلارغا ياردەم قىلغانلىق ئۆزىگە ياردەم قىلغانلىق بولىدىكەن ئەمەسمۇ» دەپتۇ ئەپسۇسلۇق بىلەن.



# چۈشەنمىسەك، سىناشما



بىر كۈنى ناھايىتى يوغان بىر خوراز پىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەپتارتماستىن ئۇ يەر، بۇ يەرنى تاتىلاپ دان ئىزدەشكە باشلاپتۇ ۋە تاپقان نېمىتىدىن شادلىنىپ چىللاپتۇ:

— قى...قى...قىق!

— نېمانچە ھاكاۋۇر نېمىسەن، ھالىڭغا قارىماي نېمانچە ۋارقىرايسەن، كىچىككىنە تۇرۇپ، ھەممە يەرنى ئاق قويماي چوقۇپ دانلايدىكەنسىنا، زادى تاماقنى سەن كۆپ يەمسەن-مەنمۇ؟— دەپتۇ پىل غەزەپلىنىپ.

— سېنىڭ بويۇڭ بولغىنى بىلەن مەنچىلىك تاماق يېيەلمەيسەن، — دەپتۇ خوراز پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويماي، — تاماقنى مەن سەندىن خېلىلا كۆپ يەيمەن!...

ئاخىر ئۇلار تاماق يېيىشتە بەسلەشمەكچى بوپتۇ.

پىل تاماقنى بولۇشىغا يەپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. خېلىدىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا، خوراز يەنىلا دانلاپ يۈرگۈدەكمىش. پىل يەنە تاماق يېيىشكە باشلاپتۇ. ئەمما قورسىقى ئاچمىغاچقا، بىرئاز يەپلا بولدى قىپتۇ ۋە يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

پىل شۇ ئۇخلىغانچە كۈن ئولتۇرغان چاغدا ئويغىنىپتۇ. ئەمما ئەتراپىغا قارىسا، خوراز تېخىچىلا دانلاپ يۈرگۈدەك.

— مۇنۇ پىندەك ئوپقان ئىكەنغۇ!— دەپتۇ پىل ھەيران بولۇپ، — بۇنداق تويماس جانىۋارنى ئەزەلدىن كۆرمىگەنىكەنمەن.

شۇنداق قىلىپ خوراز پىلنى يېڭىۋاپتۇ ۋە بىرلا قانات قېقىپ پىلنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ-دە:

— قى...قى...قىق!— دەپ تېخىمۇ قاتتىق قىچقىرىپتۇ. قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان پىل قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ:

— ۋايجان! مەن ئۆلىدىغان بولدۇم، مېنى يەپ قويىدىغان بولدى!— دەپ ۋارقىرىغىنىچە قېچىپ ئورمانغا كىرىپ كېتىپتۇ.

«چۈشەنمىسەك، سىناشما» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# تەقدىرىڭ ئۆزۈڭگە باغلىق

قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن قېرى ئېشەكنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان دېھقاننىڭ ئې-
شەككە ھېسداشلىقى كەلسىمۇ، لېكىن ئەھۋالنى تەپسىلىي مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، ئۇنى قۇت-
قۇزۇشقا كېتىدىغان ئاۋارىچىلىكلەر ئالدىدا ئېشەكنىمۇ، قۇدۇقنىمۇ ساقلاپ قېلىشقا ئەر-
زىمەيدىكەن، دەپ قاراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوشنىلىرىنى
چاقىرىپ، يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ ھەمدە
ئۇلاردىن قېرى ئېشەكنى قۇدۇققا
كۆمۈۋېتىپ ئازابتىن خالاس قى-
لىشقا ياردەملىشىشنى تەلەپ قىپتۇ.
دەسلەپتە قېرى ئېشەك تولىمۇ
جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ، لېكىن دېھقان ۋە ئۇنىڭ
قوشنىلىرى ئېشەك ئۈستىگە توپا تاشلاشنى دا-
ۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا، ئېشەكنىڭ كاللىسىدىن تۇ-
يۇقسىز بىر خىيال كېچىپتۇ-دە، ئۈستىگە
تاشلانغان توپىلارنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ،
توپا ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇپتۇ. ھەر قېتىم
توپا تاشلانسا، ئېشەكمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە
چىقىپ تۇرۇپتۇ.
قېرى ئېشەك ئەھۋالنىڭ قانچىلىك ئې-
غىرلىقىغا قارىماي، سىلكىنىشنى ھەم قەدەم
ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ ئاخىر قۇ-
دۇق ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ
قالغىنى ئىگىسىدىن ئاغرىنىپ ياتماي، جاد-
نى ئالدىغان مۈشكۈلات ئىچىدە قىلچە
ھودۇقماستىن ئىزدىنىش ئۇسۇلى ئىكەن.



# ئەگەر مېڭىسى بولسا

ئارسلان ئورماندا پىل بىلەن ئېلىشىپ ياشاشتىن چارچىدى. شۇڭا ئۇ تۈلكىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ماغدۇرۇمدىن كەتتىم، ئوۋغا يارىمايمەن. سەن بېرىپ ماڭا بىر ئېشەك ئوۋلاپ كەلتۈر. بىرلىكتە يەيمىز، — دېدى.

— باش ئۈستىگە، سۇلتانىم. تۈرلۈك ھىيلىلەر بىلەن سىزگە ھەتتا تىرىك پېتى كەلتۈرىمەن، — دەپ دالاغا قاراپ يۈگۈردى تۈلكە. ئۇ كېتىۋېتىپ قارىسا، ئوتلاقتا ئورۇقلاپ كەتكەن ئىگىسىز بىر ئېشەك ئوتلاپ يۈرگۈدەك. تۈلكە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئېگىلىپ سالام بەردى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇ قاقاس دالادا ئۆزۈڭ يالغۇز نېمە قىلىۋاتىسەن، ئەي دوستۇم؟

—مۇشۇ ھالىمغا شۈكۈر قىلىمەن. رىزقىنى ئاللا بېرىدۇ. شىكايىتىم يوق، كۈنۈم ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ. جان بەرگەن ئاللا، رىزقىمنىمۇ بېرىۋاتىدۇ.

— ئەي جاناب ! سەندىكدەك بۇنداق تەۋەككۈلچىلىق ئىنتايىن ئاز جانلىقتا تېپىلىدۇ. ئىنتايىن كەم بولغان ئىش بولسا يوق ھۆكمىدىدۇر. بۇ يوقلۇق ئەتراپىدا تەمتىرەپ يۈرۈش ئەخمەقلىق سانىلىدۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئېشەك تەكرار جاۋاب بەردى:

— گېپىڭ توغرا ئەمەس. شۇنى بىلگىنكى، پۈتۈن يامانلىقلار ئاچ كۆزلۈكتىن كېلىدۇ. قانائەتتىن ھېچكىم ئۆلمىگەن، ھېرىستىن بولسا ھېچكىم سۇلتان بولمىغان..

تۈلكە ئېشەكنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئاللا ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك قىلماسلىقنى بۇيرۇدى. مۇشۇنداق تاقىر چۆلدە سەۋر قىلماق ئەخمەقلىقتۇر. كەل، باشقا بىر ئوتلاققا كۆچكىن. بىلسەڭ، ئۇ يەردە ناھايىتى بولۇق ئوت - چۆپلەر، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇلار بار، — دېدى.

تۈلكە تۈرلۈك سۆزلەر بىلەن ئېشەكنى ئالداپ، يېتەكلەپ، ئۇدۇل ئارسلاننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئارسلان ئېشەكنى كۆرەر-كۆرمەستىن ھۆركىرەشكە باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئېشەك چۆچۈپ كېتىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاچتى. تۈلكە ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ:

— ھەي ساددا ۋە گول مەخلۇق! نېمىگە قاچىسەن؟ ئاڭلانغان تاۋۇش سېنىڭ ۋەھىمەڭ، خىيالىڭدۇر. ئەمدىلا مايسىزارغا كەلگەندۇققۇ؟ سەن بولساڭ قورقتۇڭ، قاچتىڭ، — دېدى.

تۈلكە يەنە مىڭبىر يالغان بىلەن ئېشەكنى ئۆزىگە ئەگەشتۈردى. ئارسلاننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئارسلان ئېشەكنى غاجاپ، قورسىقىنى تويدۇردى. كېيىن ئارسلان سۇ ئىچىش ئۈچۈن غاردىن چىقىپ كەتتى. تۈلكە ئارسلاننىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئېشەكنىڭ مېڭىسى ۋە ئۆپكىسىنى يېدى. ئارسلان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۈلكىدىن سورىدى:

— بۇنىڭ مېڭىسى قېنى؟

— ئەي سۇلتانىم! ئەگەر ئېشەكنىڭ مېڭىسى بولسا، ئاشۇ دەھشەتلىك ھۆركىرەشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە بۇ يەرگە، سېنىڭ بوسۇغاڭغا كېلەرمىدى؟



# ئوۋغا چىققان ئوۋلانغاي



ئارسلان، بۆرە، تۈلكە قاتارلىقلار قەدىناسلاردىن بولۇشتى ۋە ئوۋ قىلىش ئۈچۈن ئورمانلىققا بېرىشتى. كەچكە قەدەر ئۆكۈز، ئۆچكە ۋە بىر توشقاننى ئوۋلىغان ئۈچ قەدىناس ئولارنى سۆرەپ غارغا ئېلىپ كېلىشتى. ئاندىن داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشتى. ئارسلان بۆرىگە يۈزلىنىپ:

— ئەزىز دوستۇم، بۇ ئولجىلارنى شۇنداق تەقسىملىگىنكى، قورسىقىمىز تويسۇن، — دېدى. بۆرە ئۈلۈشلەرنى تەقسىملەشكە باشلىدى:

— ئەي ئۇلۇغ سۇلتانىم، بۇ كاتتا ئۆكۈز سىزنىڭ ئۈلۈشىڭىز. چۈنكى، سىز ئەڭ كاتتادۇرسىز... ئەمدى رۇخسىتىڭىز بىلەن مانا بۇ ياۋايى ئۆچكە مېنىڭكى بولسۇن. دوستۇم تۈلكە سېمىز توشقانلارنى ياخشى كۆرىدۇ . توشقان ئۇنىڭكى...

ئارسلان بۇ ئىشتىن قاتتىق خاپا بولۇپ:

— سەن ئۆزۈڭنى كىم، دەپ ئويلاپ قالدىڭ؟... ئۇنتۇمىغىنكى، سەن ئورمانلىقلار-



نىڭ شاھىنىڭ ئالدىدا. سېنىڭ ماڭا ئۇلۇش بۆلۈپ بەرگۈدەك سالاھىيىتىڭ بارمۇ ؟— دەپ بۆرىگە قاتتىق زەربە بەردى. بىچارە بۆرە يەردە سوزۇلۇپ يېتىپ قالدى.

ئاندىن ئارسلان قورقۇنچتىن دىر-دىر تىترەۋاتقان تۈلكىگە يۈزلەندى:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن!؟ ئولجىلارنى سەن تەقسىملە!

پالاكەتنى سېزىپ تۇرغان تۈلكە ئورنىدىن تۇرۇپ، تەزىم قىلىپ شۇنداق دېدى:

— ئەي ئۇلۇغ سۇلتانىم.. ئۈلۈش تەقسىملەش مېنىڭ ھەققىم ئەمەس، ئەمما سىز مۇناسىپ كۆرگىنىڭىز ئۈچۈن سۆزلەيمەن. توشقان سىزنىڭ ناشتىلىقىڭىز، ئۆچكە چۈشلۈكىڭىز بولسا، قورسىقىڭىزغا ئارام بولىدۇ. ئۆكۈزنى بولسا كەچقۇرۇن يەيسىز، — دېدى.

ئارسلان ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە تۈلكىدىن سورىدى:

— بۇنداق ئاقىلانە تەقسىماتنى قەيەردىن ئۆگەندىڭ؟

تۈلكە بويىنىنى ئېگىپ، جانسىز ياتقان بۆرىگە قاراپ قويدى ۋە:

— مانا بۇ ئۆزىنى بىلمىگەن بۆرىنىڭ ھالىدىن... — دەپ جاۋاب بەردى.

# كەپتەر بىلەن چۈمۈلە

يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە چۈمۈلە شامالدا ئۇچۇپ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قاپتۇ. دەرەخ بېشىدا ئولتۇرغان بىر كەپتەر بۇنى كۆرۈپ: «نېمدېگەن بىچارە، ياردەم قىلاي» دەپ ئويلاپتۇ ۋە بىر تال ياپراقنى كۆلگە تاشلاپتۇ. چۈمۈلە ياپراققا چىقىپتۇ. ياپراق ئېقىپ قىرغاققا كەلگەندە چۈمۈلە قىرغاققا چىقىۋېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ ۋە كەپتەرنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ.

بىر كۈنلەردە ئوۋچى دەرەخ بېشىدا ئولتۇرغان كەپتەرنى قارىغا ئاپتۇ. بۇنى كەپتەر قىلچە سەزمەي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن چۈمۈلە ئوۋچىنىڭ پۇتىنى جەھلى بىلەن چاققانىكەن، ئوۋچى:

— ۋايجان! — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ-دە، ئاتقان ئوقى كەپتەرگە تەگمەي، كەپتەر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. چۈمۈلە كەپتەرنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزغان ياخشىلىقىغا ئەنە شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.





# قۇشقاچنىڭ ئوۋچىغا ئۆگىتى

بىر ئوۋچى قۇشقاچقا تۇزاق قۇردى ۋە بىر قۇشقاچنى تۇتۇۋالدى. ئوۋلانغان قۇشقاچ تىلغا كىرىپ دېدى:

— ئەي ئوۋچى، سەن مۇشۇ ۋاقتقىچە قويلارنى، سىيىرلەرنى يېدىڭ. ئۇلارنى يەپ تويمىدىڭ. ئەمدى مېنىڭ ئەرزىمەس گۆشۈمگە تويارسەنمۇ؟ مېنى قويۇۋەت، ھېسابىغا ساڭا پايدىلىق ئۈچ ھېكمەت ئېيتىمەن.. بۇ ھېكمەتلەردىن بىرىنى قولۇڭدا، قالغىنىنى بولسا دەرەخ ئۈستىدە سۆزلەيمەن!



ئوۋچى:

— بولدۇ!— دېدى.

قۇشقاچ تۇنجى مەسلىھەتنى بەردى:

— مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى كىم سۆزلىسە سۆزلىسۇن، ھەرگىز ئىشەنمە!

ئوۋچى ئىككىنچى ھېكمەتنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇشقاچنى قويۇۋەتتى. قۇشقاچ تامغا قوندى ۋە ئىككىنچى ھېكمەتنى ئېيتتى:

— ئۆتكەن-كەتكەن نەرسىلەر ئۈچۈن غەم يېمە. پۇرسەتنى قولدىن بەرسەڭ، خاپا بولما. ئەينى پەيتتىكى ۋاقتىنىڭ باھاسىنى بىل. پۇشايمان بىلەن ۋاقت ئۆتكۈزمە..

كېيىن قوشۇمچە قىلدى:

— ئەي ئوۋچى، مېنىڭ قورسىقىمدا ئون دەرھەمگە



تەڭ كەلگۈدەك بىباھا ئۈنچە-مەرۋايىت بار ئىدى.
ئۇ ساڭىمۇ، سەندىنمۇ كېيىنكىلەرگىمۇ يېتەتتى. ئەپ-
سۇس، قىسمىتىڭ شۇ ئىكەن، قولدىن چىقىرىپ قويدۇڭ.
بۇ ئۈنچە-مەرۋايىتنىڭ دۇنيادا يەنە بىر تېپىگى يوقتۇر.

ئوۋچى بۇ چاغدا:

— ئاھ، نېمە قىلىپ قويدۇم، نېمە ئۈچۈن قويۇۋەتتىم ھە؟— دەپ قايغۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا قۇشقاچ:

— ھەي، نېمىگە ۋارقىراپ يىغلايسەن؟ مەن ساڭا ئۆتكەن-كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن غەم يېمە. پۇرسەتنى قولدىن بەرسەڭ، خاپا بولما، دەپ ئۆگۈت بەرمىدىممۇ؟ كېيىن ساڭا يەنە: «مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى كىم سۆزلىسە سۆزلىسۇن، ھەرگىز ئىشەنمە» دېمىدىممۇ؟ قانداق ئاڭقاۋ ئادەمسەن؟... مەن ئۆزۈم ئۈچ دەرھەم چىقمايمەن. قانداق قىلىپ قورسىقىمدا ئون دەرھەملىك ئۈنچە-مەرۋايىت بولىدۇ؟...

ئوۋچىنىڭ ھوشى جايىغا كەلدى ۋە زېرەك قۇشقاچقا قاراپ دېدى:

— ياخشى، ئەمدى ئۈچىنچى گۈزەل ھېكمىتىڭ نېمە؟ ئۇنىمۇ سۆزلە، ئېيت!

قۇشقاچ تامدىن ئۆتۈپ دەرەخكە قوندى ۋە مەسخىرىلىك بىر ئاھاڭدا:

— ئەي ئىنسان، ئىككى ئۆگىتىمگە ئەمەل قىلمىدىڭ، ئۈچىنچىسىنى نېمە قىلىسەن؟ بولدى قىل، ۋاقتىمنى ئالما، — دەپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئوۋچى قېتىپ قالغاندى.

# تۈلكىنىڭ جاۋابى



بىر توپ ئوۋچىلار تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەپتۇ. قېچىپ كېتىۋاتقان تۈلكە يولدا دۇچ كېلىپ قالغان دېھقاندىن ئىلتىماس قىلىپ:

— مېنى يوشۇرساڭ ئاجايىپ ئالىيجانابلىق قىلغان بولاتتىڭ، — دەپتۇ. دېھقان ئۆ-يگە ئىشارە قىلىپتۇ ۋە تۈلكە دەررۇ ئۆيگە كىرىپ غايىب بوپتۇ.

چېپىپ كېلىۋاتقان ئوۋچىلار تۈلكىنىڭ قاياققا كەتكىنىنى دېھقاندىن سوراپتۇ. دېھقان بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما ئىككىنچى تەرەپتىن قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ، تۈلكە-نىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. بىراق ئوۋچىلار ئۇنىڭ قول ئىشارىسىنى چۈشەن-مەي يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆزىتىپ تۇرغان تۈلكە دېھقاننىڭ ئىشارىسىنى سېزىپ قاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانغا لام-جىم دېمەي يولغا راۋان بوپتۇ.

— ھەي ناشۈكۈر تۈلكە، — چاقىرىپتۇ دېھقان، — ياخشىلىقىمغا رەھمەت ئېيتماي قاياققا كېتىپ بارىسەن؟!.

تۈلكە ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەگەر قول ئىشارىتىڭ بىلەن تىلىدىكى ساداقىتىڭ ئوخشاش بولغاندا تەشەككۈ-رۈمنى بېجىرمەي تۇرۇپ كەتمىگەن بولاتتىم!— دەپتۇ-دە، يۈرۈپ كېتىپتۇ.

# نەپس — يىرتقۇچ ئارسلان كەبىدۇر

ئادەمسىز ئورماندا ھەيۋەتلىك بىر ئارسلان ياشايدىكەن. ئورماندىكى بارچە ھايۋانلار ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپتۇ. بۇنداق ھايات كەچۈرۈشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چارە ئىزدىشىپتۇ. ئويلا-ئويلا، ئاخىر ئارسلانغا ئەلچى ماڭدۇرۇشۇپتۇ. ئەلچى:

— ئەي، ئورمانلارنىڭ پادىشاھى ئارسلان... ھەر كۈنى ئارىمىزدىن بىرىمىزنى تۇتۇپ يېمەكتىسەن. بۇنىڭغا نارازىلىقىمىز يوق؛ شۇ سەۋەب ئاۋارە بولماستىن ئۆز تەختىڭدە ئولتۇر، بىز ساڭا ھەر كۈنى ئارىمىزدىن بىرىنى ئېلىپ كېلىمىز. سەن بولساڭ ئۇنى مەززە قىلىپ يەيسەن. شۇندا ھەممىمىز ئۆمرىمىزنى بەھۇزۇر ئۆتكۈزىمىز... — دەپتۇ.

بۇ تەكلىپ ئارسلانغا يېقىپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال قوبۇل قىپتۇ.

ئەمدى ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە بىر ھايۋان ئۇنىڭغا تەسلىم بولار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۆۋەت توشقانغا كەپتۇ. ھايۋانلار:

— ھەي، ئەمدى قانداق قىلىمىز، قىسمىتىمىز شۇ ئىكەن. بارچىمىزنىڭ راھىتىمىز ئۈچۈن بىرىمىز ئۆلمىكىمىز دەركار. قېنى، ۋاقىت ئۆتكۈزمەستىن يولغا چىق. ئارسلاننىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويمايلى، — دېيىشىسمۇ توشقان يولغا چىقماپتۇ. ھايۋانلار قورقۇپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ئاران دېگەن يولغا ئاتلاندۇرۇپتۇ.

توشقان بىمالال ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، ئالدىرىماي ئارسلاننىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئاچلىقتىن كۆزى تۆت بولغان ئارسلان تېرىكىپتۇ:

— قەيەرلەردە يۈردۈڭ زادى؟ نېمىشقا كېچىكتىڭ؟

توشقان بولسا، يالغاندىن قورققاندەك تەرلىرىنى سۈرتۈپتۇ ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ دەپتۇ:

— جانابى ئالىيلىرى، مەن سىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغىنىم ئۈچۈن كېچىكىپ قالمىدىم، ئەكسىچە ئەتىگەندە يولغا چىققاندىم، ئەمما بىر ئارسلان يولۇمنى توستى، ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشۇمنىڭ قانچىلىك قىيىن بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسىز!

ئارسلان غەزەپلىنىپ سوراپتۇ:

— كىمكەن ئۇ شۇنداق قىلىشقا پېتىنغان؟ بۇ ئورماندا پەقەت مېنىڭلا ھۆكۈمۈم ئۆتىدۇ. كىم ئۇ زادى، تېزرەك ئېيت؟

توشقان مەمنۇن بولغان ھالدا ئۇ ياقتىكى ئارسلاننى ماختاپتۇ، بۇنىڭ بولسا تېخىمۇ

ئاچچىقى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارسلان دەرغەزەپكە كەپتۇ ۋە:
— يول باشلا، ماڭا كۆرسەت ئۇ پەسكەشنى!— دەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار يولغا چىقىشىپتۇ. توشقان ئۇنى بىر قۇدۇق يېنىغا باشلاپ كەپ-
تۇ ۋە:
— سۇلتانىم، ئۇ مانا شۇ قۇدۇق ئىچىدە. ئۇنىڭغا قاراڭ، نېمىدېگەن دەھشەت-
لىك!— دەپتۇ.
ئارسلان ھاياجان بىلەن قۇدۇققا قاراپتۇ ۋە سۇدا ئەكسىنى كۆرۈپتۇ. قۇدۇق ئى-
چىدىكى ئەكسگە قاراپ ھۆركىرەپتۇ، ئەكسمۇ شۇ ھامان ھۆركىرەپتۇ. توشقان پۇر-
سەتنى قولدىن بەرمەي:
— كۆردىڭىزمۇ، ئالىيلىرى؟ سىزنى ئېلىشىشقا چاقىرىۋاتىدۇ!— دەپتۇ. غەزەپلەنگەن
ئارسلان:
— بىر يۇرتتا ئىككى سۇلتان بولماس، پارچىلاپ تاشلايمەن ئۇنى!— دەپ ھۆركى-
رەپتۇ ۋە ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلاپتۇ.
ھەر ئىشنىڭ ئاخىرى بار. توشقان كۆپكۆك ئوتلاقلاردا سەكرەپ-تاقلاپ ھاي-
ۋانلارغا خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ





# تۇتى قۇشنىڭ ھىيلىسى



بىر سودىگەر ئۆيىدە يېقىملىق ئاۋازدا سۆزلەيدىغان جۇشقۇن تۇتى قۇشنى باقاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى.

ئۇ بىر كۈنى تىجارەت ئۈچۈن ھىندىستانغا يول تەييارلىقى قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەربىرىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا:

— قېنى دەڭلار، ھىندىستاندىن سىلەرگە نېمىلەرنى ئېلىپ كېلەي؟ نېمىنى خالايسىلەر؟— دەپ سوراپتۇ. ھەركىم ئۆزى خالىغان نەرسىسىنى ئېيتىپتۇ ۋە نۆۋەت تۇتى قۇشقا كەپتۇ. سودىگەر:

— ئەي گۈزەل تۇتى قۇشۇم، سايرا، نېمە خالايسەن، كەلتۈرىمەن خالىغان نەرسەڭنى، — دەپتۇ.

تۇتى قۇش بويىنىنى سىڭايان قىلىپ:

— ھىندىستانغا كېتىۋاتقانىكەنسەن، ئۇ يەردىكى تۇتى قۇشلارنى كۆرسەڭ، مېنىڭ ھالىمنى ئەتراپلىق چۈشەندۈر. ئۇلارغا «سىلەرنىڭ ھەسرىتىڭلاردا ئۆرتىنىۋاتقان بىر تۇتى قۇشۇم بار. بىزنىڭ ئۆيدە قەپەسكە سولانغان. سىلەرگە سالام ئېيتتى ۋە سىلەردىن ياردەم سورىدى. قىسمەت ئىكەن، مەن بۇ يەردە، غۇربەت يەرلەردە ھەسرەت چېكىۋاتىمەن، سىلەر بولساڭلار يايپېشىل يايلاقلاردا، دەرەخلەر ئارىسىدا، گۈل باغلار قوينىدا سەيلە قىلىۋاتىسىلەر. دوستلارنىڭ ۋاپاسى شۇنداق بولامدۇ؟» دەپ ئېيت، — دەپتۇ.

سودىگەر:

— ياخشى، ئېيتقانلىرىڭنى يەتكۈزىمەن، — دەپ يولغا چىقىپتۇ. ھىندىستان ھۇدۇدىغا كىرىشى بىلەنلا دەرەخ شاخلىرىدىكى بىر توپ تۇتى قۇشنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇلارغا تۇتى قۇشى ئېيتقان گەپنى ئېقتىماي-تېمىتماي يەتكۈزۈپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان تۇتى قۇشلاردىن بىرى تىترەشكە باشلاپتۇ. بىرئازدىن كېيىن نەپەسى توختاپ، يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. سودىگەر بۇ ھالدىن قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشۈپتۇ:

— ئەپسۇس، بىر جاننىڭ بېشىغا چىقتىم. ئۇ ئېھتىمال مېنىڭ تۇتى قۇشىمنىڭ سۆيـ

گىنى ياكى قېرىندىشى بولسا كېرەك. ھەي ئىست، سۆزلىمىگەن بولسام، خەۋەر قىلمىغان بولسامچۇ! بىچارىنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم، — دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ شۇ تۇيغۇ بىلەن ھىندىستانغا كىرىپتۇ ۋە تىجارەت ئىشلىرىنى بېجىرىپ، سوۋغىلارنى ئاپتۇ. ئاندىن مەملىكىتىگە قايتىپتۇ.

ئۆيدىكىلىرىگە ھەدىيەلەرنى تارقىتىۋاتقاندا، تۇتى قۇش ئاۋاز چىقىرىپ سوراپتۇ:

— مەن بىچارىگە ھېچقانداق سوۋغاڭ يوقمۇ؟ ھىندىستاندا نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟ ئۇ يەردىكى تۇتى قۇشلارغا نېمىلەرنى دېدىڭ؟



سودىگەر گەرچە كۆرگەنلىرىنى ئېيتىشنى خالىمىسىمۇ، ئەمما تۇتى قۇشى ئۇنىڭدىن قايتا-قايتا سوراۋەرگەچكە:

— ئېيتالمايمەن. ئەخمەقلىق قىلىپ قويدۇم، سەندىن ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزدۇم، ئەمدى بولسا بۇ ئىشىمدىن قاتتىق ئەپسۇسلانماقتىمەن، — دەپتۇ.

— خوش، نېمىشقا ئەپسۇسلىنىسەن؟ بۇ تەشۋىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۆتۈنەي، سۆزلە..

«ۋەقەنى ئاڭلىسا، تۇتى قۇشۇم قانداق ھالغا چۈشەركىن؟» دەپ ئويلاپتۇ سودىگەر ۋە ئاخىر ئامالسىز سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— سېنىڭ ھالىڭنى ئۇلارغا يەتكۈزدۇم. ئۇلاردىن بىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم. ئارىسىدىن بىرى سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تىترەپ يىقىلدى ۋە جان تەسلىم قىلدى. ھازىر مەن قاتتىق ئەپسۇسلانماقتىمەن. ۋىجدان ئازابىدا قالدىم. لېكىن بولار ئىش بولدى...

تۇتى قۇش بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تىترەشكە باشلاپتۇ. بىرئازدىن كېيىن نەپەسى سىقىلىپتۇ. سودىگەر بۇ ھالنى كۆرەر - كۆرمەيلا: «ئاپلا!» دەپتۇ.

— ئەي گۈزەل تۇتى قۇشۇم، ئەي يېقىملىق ئاۋازلىقىم، ئەي قەلبىمنىڭ نۇرى، ساڭا نېمە بولدى؟ ئاھ، ئەپسۇس! — دەپ نالە قىپتۇ ۋە تۇتى قۇشنى قەپەستىن چىقىرىپتۇ. تۇتى قۇش شۇ ھامان قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. سودىگەر ھەيران بولۇپ تۇتى قۇشقا دەپتۇ:

— ھەي، بۇ قانداق ئىش؟

تۇتى قۇش خۇشال ئاھاڭدا جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھىندىستاندىكى تۇتى قۇش ئۆز ھەرىكىتى بىلەن ماڭا مەسلىھەت بەردى. ئۇ «گەپ قىلىشنى، سايراشنى قوي. چۈنكى سەن قەپەستىسەن. كېيىن ئۆزۈڭنى ئۆلگەنگە سېلىپ، مەن قىلغان ئىشنى قىل. مەندەك ئۆزۈڭنى ئۆلگەنگە سالساڭ، قەپەستىن قۇتۇلىسەن» دېمەكچى بولغان...

تۇتى قۇش شۇ گەپلەرنى ئېيتىپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



# سەنمۇ شىشىلەرنى سۇندۇرغانمۇ؟

ئەتىر ساتقۇچىنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۇتى قۇشى بولۇپ، ئۇنى دۇكىنىدا باقىدىكەن. چىرايلىق تۇتى ئەتىرگۈل مېيى بىلەن تولغان دۇكاننىڭ بۇرجىكىدە تۇرۇپ كەلگەن ـ كەتكەن خېرىدارلارغا چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىرچى تۇتىنى دۇكاندا قالدۇرۇپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا چاشقاننى قوغلاۋاتقان بىر مۈشۈك دۇكانغا كىرىپتۇ. تۇتى مۈشۈك مېنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن كىردى، دەپ ئويلاپ، تېزلىكتە ئۇچۇپ، تەكچىگە ئېتىلىپتۇ. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئەتىرگۈل مېيى سېلىنغان شىشىلەرنىمۇ دومىلىتىۋېتىپتۇ. قورقۇپ، ئۇ يەردىن يەنە بىر تەكچىگە ئۇچقانىكەن، يەنە شۇنداق ھالەت يۈز بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بارچە شىشىلەر پارچە-پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. دۇكان ئەتىر ھىدىغا تولۇپتۇ.

دۇكاندار كېلىپ قارىسا، ھەممە ياق قالايمىقان.. بارچە شىشىلەر سۇنغان، ئەتىرلىرى يەرگە تۆكۈلۈپ يېتىپتۇ. بىچارە تۇتى بولسا، بىر بۇرجەكتە قورقۇنچتىن دىر-دىر تىترەپ تۇرغۇدەك.. دۇكاندار بۇ ئىشنى تۇتىدىن باشقا كىم قىلاتتى، دەپ قاتتىق تېرىكىپتۇ ۋە بىچارە تۇتىنى تۇتۇپ، ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.. تۇتى كالتەكلىنىپتۇ. قورقۇنچتىن تىلى ئايلانماي، باشلىرىدىكى پەيلىرى تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ.



بىر چاغدا دۇكاندارنىڭ ئاچچىقى يېنىپتۇ.. سۆيۈملۈك تۇتىسىنىڭ تىلىنىڭ ئايلانماي قالغانلىقىنى، باشلىرىنىڭ پەيلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىپتۇ، تېۋىپلارغا كۆرسىتىپتۇ، تۈرلۈك دورىلارنى بېرىپتۇ، بىراق پايدىسى بولماپتۇ. بىچارە تۇتى تىلسىز ھەم گاستەكلا بولۇپ قالغانىكەن. تۈزۈلىدىغاندەك ئەمەس ئىكەن. ئاخىر دۇكاندا تۇتىنى ئۆز مەيلىگە تاشلاپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى دۇكاننىڭ يېنىدىن چاچلىرى چۈشۈپ، بېشى تاقىرباش بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم ئۆتۈپ قاپتۇ. تۇتى بۇ ئادەمنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇمۇ بىزنىڭ تائىپىدىن» دەپ ئويلاپ، بىر سىلكىنىپتۇ ۋە چاچسىز بېشىنى قانىتى ئارىسىدىن چىقىرىپ تىلغا كىرىپتۇ:

— ئەي دوستۇم، بېشىڭ نېمىشقا تاقىرباش؟ يا سەنمۇ مەندەك ئەتىر شىشىلىرىنى سۇندۇرغانمۇ؟

# ئاچچىق ئۈزۈم

تۈلكە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلانغان ھالدا بىر ئۈزۈم بېغىنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ قاپتۇ. قۇياش نۇرىدا سارغىيىپ پىشقان ئۈزۈملەر ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرگۈدەك
جىلۋە قىلىپ تۇراتتىكەن. ئەمما باراڭدىكى ساپاقلار ئۇنىڭ بويى يەتمىگۈدەك دەرىجە-
دە ئېگىز ئىكەن.

تۈلكە سەكرەپتۇ، ئەمما ئۈزۈملەرگە بويى يەتمەپتۇ. يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىپتۇ،
يەنە يېتەلمەپتۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇنۇشىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كې-
يىن ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ:

— زادى مەن بۇ ئۈزۈملەرنى يېمەكچى ئەمەستىم ھەم ئۇلارنىڭ ئېغىزغا سالغىلى
بولمىغۇدەك ئاچچىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم.



# ئېشەكنىڭ ئەقلى



بىر شىرنى بىر خورازنىڭ چىللىشىدىن بەكرەك ئۈركۈتىدىغان باشقا ئاۋاز يوقتۇر.
شىردىن بىرى بىر كۈنى بىر ئېشەككە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، خوراز چىللاشقا باشلاپتۇ. شىرمۇ ئېشەكنى يېيىشتىن ۋاز كېچىپ قېچىپتۇ.

شىرنىڭ خوراز ئاۋازىدىن ئۈركۈپ قېچىشى ئېشەكنى ئويلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. خورازنىڭ ئاۋازىدىن شۇنچىلىك ئۈركۈگەن بىر شىر ئېشەكنىڭ ئاۋازىدىن تېخىمۇ قورقىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. ھاڭراپ ئۇنى تېخىمۇ بەك قورقۇتماقچى بولۇپتۇ.

شىر دۆت ئېشەكنىڭ ھاڭراپ ئۆزىنى قوغلىغىنىنى كۆرۈپ دەرھال قايتىپ بېرىپ ئۇنى بىر ھۇجۇم بىلەن يىقىتىپ، پارچىلاپ ئىشىنى تۈگىتىپتۇ.

# تۈلكىنىڭ ھىيلىسى

قېرى بىر شىر ئاغرىپ قېلىپ، كۈچىدىن كېتىپتۇ. ھەممە ھايۋانلار ئۇنى كۆرۈشكە كەپتۇ ۋە بىر نەرسىلەر تەۋسىيە قىپتۇ. پەقەت تۈلكە شىرغا قارىتا ئېتىبارسىز قاپتۇ. بۆرە تۈلكە بىلەن بەك ئۆچەكىشىدىكەن. بۇ ھالنى پۇرسەت بىلىپ، شىرغا تۈلكىنى چېقىشتۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— بۇ ھايۋاننىڭ ئۇۋۇسىنى كۆيدۈرۈپ بۇ يەرگە كەلتۈرۈش كېرەك، — دەپتۇ.

تۈلكە بۆرىنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال شىرنى يوقلاپ كەپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، قورقمەنكى، ھەقسىز ئەيىبلىنىۋاتىمەن. ھالبۇكى مەن، سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن، چارە ئىزدەپ، بىر سەپەرگە چىققانىدىم. بۇ سەپەردە ئۇچراشقان مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنىڭ قارىشىچە، شاھىمىزنىڭ دەرمانسىزلىقىنىڭ سەۋەبى بەدىنىدىكى ئىسسىق ئازىيىپ كېتىشىكەن. بۇنىڭغىمۇ چارە بار بولۇپ، بىر بۆرىنىڭ تېرىسى شىلىنىپ، ئىسسىق ھالدا ئۈستىڭىزگە يېپىلىشى كېرەككەن. ھۆرمەتلىك بۆرە مانا بۇ يەردە. ئەمر قىلسىڭىز بۇ تەكلىپنى دەرھال بېجىرەيلى.

ئالجىغان شىر بۇ پىكىرنى ياقتۇرۇپتۇ. بۆرىنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ تېرىسىنى سويۇۋاپتۇ. ئۇستىخانلىرىنى شورپا قىلىپ، شىرغا ئىچۈرۈپتۇ. يېڭى سويۇۋېلىنغان تېرىسىنىمۇ ئىسسىق ھالدا شىرنىڭ ئۈستىگە يېپىپتۇ.



# شىرنى يەڭگەن پاشا



كىچىك بىر پاشا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان بىر شىرنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ مەغرۇر ھالىنى زادى ياقتۇرماپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، بويىغا باقماستىن ئۆزىچە ئۇنىڭغا ھەيۋە قىپتۇ:

— شىر ئەپەندى! نېمانچە چوڭچىلىق بۇ؟ ئالدىڭغا كەلگەنلىگە پەنجە ئۇرۇش سېنى مۇشۇنداق مەغرۇر قىلامدۇ؟ ئەگەر يۈرىكىڭ بولسا چىق مېنىڭ قارشىمغا، ئۇ يېڭىلمەس كۈچلىرىڭنى كۆرسەت ماڭا.

پاشا بۇ تەھدىتلەردىن كېيىن نەشتىرىنى توغرىلاپ، ئۇچقان پېتى شىرغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئەڭ يۇمشاق يېرى بولغان بۇرنىنى چېقىپتۇ. شىر پاشىنى ئەزمەك ئۈچۈن پەنجىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن شىلتىپتىكەن، بۇرنى قان ئىچىدە قاپتۇ. پاشا نەگە قونسا شىر شۇ يەرگە پەنجە ئۇرۇپتۇ. ھەر قېتىم بىر يەرنى يارا قىپتۇ. ئاخىر شىر پاشا بىلەن بولغان جەڭنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ بولدى قىپتۇ.

پاشا ھايۋانلارنىڭ پادىشاھىنى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن شۇنچىلىك خۇشال بوپتۇكى، ئۇچۇۋاتقاندا تەكەببۇرلۇقىنى يوقىتىپ بىر ئۆمۈچۈك تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرماشقانچە تورغا تېخىمۇ چاپلىشىپتۇ. ئاخىر ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى مۇنداق دەپتۇ:

— ھايۋانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى چوڭ شىرنى يەڭگەن مەن ئەمدى زەئىپ بىر ئۆمۈچۈك تورىدا جان بېرىۋاتىمەن.

# نەي چېلىشنى ماڭا كىم قويۇپتۇ

ئەقلى بېشىدىن ئايرىلغان بىر ئۆچكە توپىدىن ئايرىلىپ، تېخىمۇ ياخشى ئوتلاش ئۈچۈن يىراقلارغا كېتىپتۇ. ئۇ يەردە ئوۋ كۈتۈۋاتقان بىر بۆرە ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، بىردىنلا ئۆچكىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۆچكە بۆرىنى كۆرۈپ بەك قورقۇپتۇ. توپىدىن ئايرىلىپ خاتا قىلغىنىنى چۈشىنىپتۇ. بۆرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىمكانسىزلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا سىناپ باقماقچى بولۇپ، بۆرىگە:

— بۆرە ھەزرەتلىرى، مېنى پارچىلاپ يەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. دېمەك، ئاخىرقى مىنۇتلىرىمنى ياشاۋاتىمەن. ھېچ بولمىسا ئاخىرقى ئىستىكىمنى ئورۇنلاپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

— ئاخىرقى ئىستىكىڭ نېمە؟— دەپ سوراپتۇ بۆرە.

— ئۆلۈشتىن بۇرۇن ماڭا بىر ئاز نەي چېلىپ بەر، ھېچبولمىسا ھۇزۇر ئىچىدە ئۆلەي، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۆچكە. مەقستى بىرئاز ۋاقت ئۇتۇش ئىكەن.

بۆرە ئۆچكىنىڭ ئاخىرقى ئىستىكىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئەتراپىغا قاراپتۇ. سەل نېرىدىن بىر قومۇش نەي تېپىپ، چېلىشقا باشلاپتۇ. خېلىغىچە بۆرە نەي چېلىپتۇ، ئۆچكە ئويناپتۇ. بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىرئاز نېرىدىكى ئىگىلىرى بىلەن بىللە ئوۋ ئوۋلاۋاتقان ئىتلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئەتراپىنى پۇراپ بۆرىنىڭ پۇرىقىنى ئاپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن بىراقلا بۇ تەرەپكە قاراپ تاشلىنىپتۇ. بۆرە ئىتلارنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ نەينى بىر يانغا ئېتىپ جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قېچىپتۇ. ئۆچكىنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندا ئۇنىڭغا:

— ئەيىب سەندە ئەمەس مەندە، نەي چېلىشنى كىم قويۇپتۇ ماڭا! نەغمە-ناۋالىق قۇربان قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغانغا ئەخمەق ئىكەنمەن!— دەپتۇ.

# قىزغانچۇق ئۆچكە



بىر ئېتىزلىقتا ئۆچكە بىلەن ئېشەك بىللە ياشايدىكەن. ئەمما ئۆچكە ئېشەكتىن بەك قىزغىنىدىكەن. چۈنكى ئۇنىڭغا قارىغاندا ئېشەك تېخىمۇ ياخشى بېقىلىدىكەن. تېخىمۇ جىق يەم بېرىلىدىكەن. ئۆچكە بولسا كۆپىنچە ئاچ قالىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە قىلىنغان بۇ تەڭسىزلىك ئۈچۈن ئېشەككە ئاچچىقلايدىكەن. ئۇنى ئىگىسىگە يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن پىلانلار تۈزىدىكەن.

بىر كۈنى ئېشەككە:

— ئېشەك بۇرادەر! بۇ ئىنسانلارمۇ ساڭا جىق يۈك توشۇتىدۇ. سېنىڭ ياۋاشلىقىڭنى پۇرسەت بىلىپ قانداق ئېغىر ئىش بولسا ساڭا يۈكلەيدۇ، — دەپتۇ. ئېشەك:

— توغرا دەيسەن ئۆچكە بۇرادەر. ئەمما مېنىڭ قانداق ئامالىم بار؟ — دەپتۇ چارىسىزلىك بىلەن.

ئۆچكە ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلۈپ:

— بۇ ئاسان، — دەپتۇ، — بىر كۈنى ئۈستۈڭدە يۈك، كېتىۋېتىپ ئۆزۈڭنى يەرگە ئات. پۈتۈن بەدىنىڭنى بىر تىترەت، بىر - ئىككى تېپىرلا. ئۇ چاغدا سېنى ئاغرىپ قالدى دەپ قالىدۇ. سەنمۇ ئىشتىن ۋە ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلىسەن.

بۇ ئويۇن ئېشەككە ماقۇل كەپتۇ. بىر خەندەكنىڭ بېشىدا ئۆزىنى يەرگە ئېتىپتۇ، پۈتۈن بەدىنىنى تىترىتىپتۇ ۋە تېپىرلاشقا باشلاپتۇ. ئىگىسى ئۇنى دەرھال مال دوختۇرىغا ئاپىرىپتۇ. ئېشەكنى ئوبدان بىر تەكشۈرۈپ چىققان مال دوختۇرى:



— بۇ ھايۋان ھالسىزلىنىپتۇ. ساقايتىش ئۈچۈن بىر ئۆچكە قېنىنى قوناق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك، — دەپتۇ. ئادەم ئۆيگە كېلىپلا، مال دوختۇرى تەۋسىيە قىلغاندەك قىزغانچۇق ئۆچكىنى بوغۇزلاپ، قېنىغا قوناق ئارىلاشتۇرۇپ ئېشەككە بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆچكىنىڭ ئېشەكنى ئىگىسىگە يامان كۆرسىتىش پىلانى ئۆزىنىڭ بېشىغا بالا بوپتۇ.

# ئورۇنسىز ھەۋەس

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زېرەك بىر توشقان يولدا ئۇچرىشىپ قالغان تۈلكە بىلەن چاقچاق تەرىقىسىدە پاراڭلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭغا:

— سىنى بەك ھىيلىگەر دېيىشىدۇ. بۇ توغرىمۇ؟ — دەپتۇ. تۈلكە:

— مەن نېمە دېسەم بىكار قېرىندىشىم. ئەڭ ياخشىسى سەن بىزنىڭ ئۆيگىچە كەل، دېيىلگەنلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆر. يەنە داستىخىنىمدا مېھمان بولىسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

توشقان بۇ سۆزلەردىن بەك سۆيۈنۈپتۇ. ئۆز - ئۆزىچە: «نېمە دېگەن ئەقىلسىز تۈلكە بۇ. ئىككى ئېغىز ماختاپ قويسام، راست دەپ قېلىپ، مېنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ يۈرگىنىنى» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ توشقان تۈلكە بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. تۈلكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. چۈنكى تۈلكىنىڭ ئۆيى قۇپقۇرۇقكەن. يا يېمەكلىك يوقكەن، يا سۇ.

توشقان بىردىنلا تۈلكىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكىنىنى بىلىپتۇ. چۈنكى ئۆيدە تۈلكە ئۈچۈن ئۆزىدىن باشقا تاماق يوقكەن. دېمەك، بىكارغا تاماق يېيىشنى خىيال قىلىۋاتقان توشقان تۈلكىگە بىكارغا ئوۋ بولغىنىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ تۈلكىگە قاراپ:



— ئىشەندىم تۈلكە قېرىنداش، — دەپتۇ، — سىنىڭ ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ھىيلىگىرى ئىكەنلىكىڭگە ئىشەندىم. قارا، زېرەك دەپ قارىلىدىغان مېنىمۇ قاپقانغا دەسسەتتىڭ. ئۆيۈڭگە ئۆز پۇتۇم بىلەن ماڭغۇزۇپ ئەكەلدىڭ. ماڭا ئوخشاش ئەقىلسىز بىرىنى مەززە قىلىپ يېسەڭ بولىدۇ.

# كېلىشەلمەيدىغان شېرىكلەر

بېلىقئالغۇچ، شەپەرەڭ، تىكەن قاتارلىقلار دوست بولۇپ، تىجارەت قىلىپ پۇل تېپىش
ئۈچۈن پىلانلارنى تۈزۈپتۇ. شەپەرەڭ شېرىكلىرىنى خېلى كۆپ قەرز پۇل تەمىنلەپتۇ. تـ-
كەن بولسا، كۆپ مىقداردا رەخت ئېلىپتۇ. بېلىقئالغۇچمۇ بىرمۇنچە مىس يىغىپتۇ.

ئۈچ شېرىك يىغقان ماللارنى بىر كېمىگە يۈكلەپ يولغا چىقىپتۇ. دەل يولنىڭ يېرد-
مىغا كەلگەندە، بىردىنلا هاۋا بۇزۇلۇپتۇ. شامال ۋە بـوران چىقـىپ دېڭىزنـى ئېگىـز -
پەس قىپتۇ. كېمە ئازغۇن دولقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلـۈ-
نۈپ چۆكۈپتۇ.

شېرىكلەرنىڭ پۈتۈن ماللىرى كېمە بىلەن بىللە دېڭىـزنىڭ تېگىنى بـويلاپتۇ. ئـۇلار
جېنىنى تەستە قۇتقۇزۇپتۇ.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن شەپەرەڭ قەرز ئىگىلىرىگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن، كۈنـدۈز-
لىرى هېچبىر يەرگە چىقماپتۇ. پەقەت كېچىلىرى ئەل - ئالەم جىمىققاندا چىقىپ ئايلىنىپ-
تۇ. بېلىقئالغۇچ بولسا پۈتۈن بارلىقى ۋە ئۈمىدى بولغان مىسلارنـى، بەلكىـم بىر كۈنـى
دولقۇن قىرغاققا ئۇرىدۇ، دەپ دائىم دېڭىز ساھىلدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپتۇ.



تىكەن بولسا يولنـىڭ
بىر چېتىدە تۇرۇپ ئـۆت-
كەن - كەچكەنگە هۇجۇم
قـىلـىدىـكەن. «ئەجـەبـا،
ئىنسانلار كىيگەن بۇ كـى-
يىملەر مېنىڭ رەختىمدىـن
تىكىلدىمۇ قانداق؟» دەپ
قارايدىكەن.

# نېمشقا ئۇلار كەلمەيدۇ؟

قەدىمي زامانلارنىڭ زامانىسىدا، ئاجايىب چىرايلىق تۆگە بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇن، ئەگرى شاخاراپ كەتكەن مۈڭگۈزى، قىلىن، يۇمشاق، يىپەكتەك كوكۈلى، يالى، قۇيرۇقى، ئاجايىپ سەزگۈر، ئۇزۇن، چىرايلىق قۇلقى بارلىق هايۋانلارنى قىزىقتۇراتتىكەن. قايسىلا هايۋانات بولسۇن، تۆگىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئۆزىگە ئېلىشقا قىزىقاتتىكەن.

بىر كۈنى تۆگە مۆلدۈردەك سۈزۈك سۈيى بار، تۆت ئەتراپى يېشىل دۇخاۋىدەك ياپيېشىل چىم باسقان بۇلاقتا سۇ ئىچىۋاتسا، بۇغا كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىزنىڭ گۈزەل شاهىمىز! كۆزى يامانلارنىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانلارنىڭ تىلىدىن يىراق بولۇڭ. خۇدايىم سىزگە ئاغرىقنى يولاتمىسۇن، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بارلىق شىرىن سۆزلىرىنى ئېيتىپ، ياخشى خىسلەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئاخىر بۇغا:

— ئەي، گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، قەدىردانىم تۆگە ئاكا! خاپا بولماي، سىز ئۈچۈن



ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قەدىرلىك بولغان مۆڭگۈزىڭىزنى ماڭا ۋاقىتلىق بېرىپ تۇرسىڭىز، مەن ئاتا - ئانامنىڭ يېنىغا بارماقچى ئىدىم. ئاتا - ئانامنىڭ يېنىدىن قانداق كەلسەم، شۇنداق ئۆز قولىڭىزغا تاپشۇرىمەن، — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. تۆگە:

— بوپتۇ، ئاتا - ئاناڭنى كۆرۈپ كەل. بىراق ۋاقتىدا مۆڭگۈزۈمنى ئېلىپ كەل، — دەپتۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، ئۆز قولىڭىزغا تاپشۇرىمەن، — دەپ بۇغا ئۇنىڭ مۆڭگۈزدنى ئېلىپ كېتىپتۇ. تۆگە ئوتنىڭ ئۇچىنى يەپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئېشەك:

— شاھىم، رەنجىمەي قۇلىقىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز، بىز نۇرغۇن ھايۋانلار بىلەن ئاز كۈننىڭ ئىچىدە قىشلايدىغان قولايلىقراق يەرلەرنى كۆرۈپ كەلمەكچى ئىدۇق، شۇنىڭغا خاپا بولمىسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئارىلىقتىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇغىدىنمۇ، ئېشەكتىنمۇ خەۋەر كەلمەپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئات كېلىپ:

— ئەي، يەر يۈزىنىڭ خاقانى، مېنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىشكە مەجبۇر بولغىنىم، جېنىڭىزدىن ئارتۇق بولغان يايلىڭىز بىلەن قۇيرۇقىڭىزنى ۋاقىتلىق بېرىپ تۇرسىڭىز. پالانى يەردە مېنىڭ دۇنيادىكى بار - يوق بىر تاللا ئاكامنىڭ تويى بولماقچى ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ياق دېمەي بېرىپ تۇرسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بۇغا مۆڭگۈزىنى، ئېشەك قۇلىقنى، ئات يالىسى بىلەن قۇيرۇقنى ئېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تۆگىگە يېقىن يولىماپتۇ.

شۇ خاتالىقى ئۈچۈن تۆگە ھەتتا سۇ ئىچكەندىمۇ ئۇلارنى كېلەمدىكىن دەپ ھەرقاچان يان - ئەتراپىغا قارايدىكەن. تا مۇشۇ كۈنگىچە تۆگە ئۇلارنى كۈتمەكتىمىش.



# بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە

بۇرۇنقى زاماندا، كونا خاماندا ئۈچى بر بولۇپ قونمىغانىكەن. كشى بارمىغان چۆللۈك باياۋاندا بر - برنى تونۇمىغانىكەن. جاڭگاللىقلارنى تۈلكە ئارىلاپتۇ، ھېچقايسسى بۇنى تۇيمىغانىكەن. ئاچ كۆز بۆرىدىن جانلار زارلاپتۇ، ئۈچرىغاننىلا قويمىغانىكەن. تۈلكە مۇغەمبەر، بۆرىسى ئاچ كۆز، بۆدۈنە ساددا، ئۇقمىغانىكەن، ئۈچى سەپەردە، پەسلىسى كەچ كۈز، ئەمما بۆدۈنە قورقمىغانىكەن.

ئۆتكەن زامانلارنىڭ برىدە، كەنجى بېدە ئورۇلۇش ۋاقتىدا بر بۆدۈنە بر كونا خاماننىڭ قىرغىقىدىكى چىملىقتا ئۆز جورىلىرىنى ئىزدەپ «چۇر... چۇر... چۇر» قىلىپ تۇرغاندا، بر تۈلكە قۇيرۇقنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ، بۆدۈنىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۆدۈنە بىلەن تۈلكە بر - برىگە قارىشىپ تۇرۇشقاننىڭ ئارىلىقىدىلا، بر بۆرە بر چامداپ، ئىككى ئالىيىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. بۆدۈنە، بۆرە، تۈلكە ئۈچى بر - برى بىلەن ئۇشتۇمتۇتلا ئۇچرىشىپ قالغانلىقتىن، كۆز سوقۇشتۇرۇپ ئولتۇرغان كىشلەردەك لام - جىم دېيىشمەي، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە تۇرۇشۇپ قاپتۇ.



بىر ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، تۆلكە ئاۋال بۆرىگە، كېيىن بۆدۈنىگە تازا سەپسېلىپ
قاراۋېلىپ، ئاستا ئېڭىشىپ سالام بېرىپتۇ-دە، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ مۇنداق دەپتۇ:
— ئۈچىمىز ئۈچ ياقتىن كەلدۇق، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاران تېپىشتۇق. ئۈچە-
مىز دوست بولايلى، دوست بولغاندىمۇ چىن دوست بولايلى، تاپقان - تەرگىنىمىز تەڭ
بولسۇن، ئۆمرىمىز بىللە ئۆتسۇن.

بۆدۈنە بىلەن بۆرە ئاۋۋال بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ، كېيىن ئىككىسى تەڭ ئېگە-
لىپ، تۆلكىگە تەزىم قىلىشىپتۇ-دە، تۆلكىنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رۈشۈپتۇ. بۇ ئۈچى شۇ كۈندىن باشلاپ بىر - بىرى بىلەن دوست ۋە ئاكا - ئىنىدەك
بولۇشۇپ، ئۇزۇن زامانغىچە بىر كونا خاماندا كۈن ئۆتكۈزۈشۈپتۇ.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆدۈنە، تۆلكە، بۆرە ئۈچى يىراق بىر جايغا سەپەرگە جابدۇ-
نۇپ، يولغا راۋان بولۇشۇپتۇ. ئۇلار قويۇق چاتقانلىق جاڭگاللارنى، ئېگىز - ئېگىز تاغ
ۋە ئېدىرلارنى ۋە ئويمان - چوڭقۇر سايلارنى بېسىپ ئۆتۈشۈپتۇ. سەپەرنىڭ دەسلېپ-
دە ھەرقايسى ئوزۇقتىن خالىغىنىچە كەڭتاشا يەپ - ئىچىپ مېڭىشىپتۇ. يول يۈرۈشمۇ
كۆڭۈللۈك بوپتۇ. ئەمما يول بارغانسېرى ئۇزىراشقا باشلىغاندىن كېيىن، يېمەك - ئىچ-
مىكى تۈگەپ، بەزىدە ئوزۇق تېپىلىپتۇ، بەزىدە تېپىلمايمۇ قاپتۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا
ئوزۇقنى تەڭ يېيىشىپتۇ. تويمىغۇرلۇق قىلىشلارغا يول قويۇلماپتۇ. بۆرە بۇ ئەھۋالغا
ئانچە رازى بولماپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ، تاماق يېگەندە ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇر-
مايدىغان بولۇپ قاپتۇ. تۆلكە بۆرىنىڭ بۇ كەيپىياتىنى سەزگەن بولسىمۇ، بىلمەسكە سې-
لىپ، خۇپسەنلىك قىلىپ مېڭىۋېرىپتۇ.

يول بارا - بارا ئۇزارغاندىن كېيىن، بۆرە قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا چىداشلىق بېرەل-
مەپتۇ، بۆدۈنە بىلەن تۆلكە بۆرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، لىپىلدىشىپ كېتىۋېرىشىپتۇ. بۆرە
غەيرەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن خېلى يەرلەرگىچە مېڭىپ بېقىپتۇ، ئاخىر بولالماي،
يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا لاپسىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، جېنىنىڭ بارىچە:
— ئاغىنىلەر، توختاڭلار!— دەپ ۋارقىراپتۇ. بۆدۈنە بىلەن تۆلكە ئارقىسىغا قارى-
سا، بۆرە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا پالازدەك سوزۇلۇپ ياتقۇدەك. ئۇلار يېنىپ بۆرىنىڭ يې-
نىغا كەپتۇ. سەپسېلىپ قاراشسا، بۆرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، يەتتە يىل كېزىك تارتقاندەك
سارغىيىپ كېتىپتۇ. بۆرە تۆلكە بىلەن بۆدۈنىگە يەر ئاستىدىن قاراپ، ئۆزىنى بىر قۇر
تۈزەپتۇ-دە، ھالسىرىغان ھالدا:
— مېنىڭ قورسىقىم راسا ئاچتى، يەيدىغان بىر نەرسە تېپىلمىسا، يول يۈرەلمەي-
مەن، — دەپ دومسىيىپ يېنىچە يېتىپتۇ.

تۆلكە بۆرىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، قۇيرۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بىر ئۇ ياققا،
بىر بۇ ياققا مېڭىپتۇ. كېيىن، چوڭقۇر ئويغا چۆمۈلگەندەك، بۆدۈنىگە قاراپتۇ. مۇلايىم-
لىق بىلەن كۈنى ئۆتۈۋاتقان بۆدۈنە نېمە دېسۇن؟! ئۇمۇ بوينىنى قىسىپ ئولتۇرۇپتۇ.

تۈلكه ئۇلتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سوزۇلۇپ ياتقان يان باغرىغا كۆز ساپتۇ. بايقىغۇدەك بولسا، بىر خوتۇن ئىتىزدا كۆزگى ئىگىز ئاختۇرۇۋاتقان ئىرىگە تاۋاقتا ماذتا ئىلىپ كىلىۋاتقىدەك؛ تۈلكه دەررۇ بۆرىگە قاراپ:

— دوستۇم، غەم قىلما. قوسىقىڭنى هازىر تويغۇزىمىز، — دەپتۇ ۋە بۆدۆنىنى يىنىغا تارتىپ:

— بۇرادەر بۆدۆنه! ئاۋۇ كىلىۋاتقان خوتۇننى كۆردۆڭمۇ؟— دەپ سوراپتۇ. بۆدۆنه بويىنىنى سوزۇپ :

— ھە، ھە، كۆردۆم، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ. تۈلكه بۆدۆنگە تىكىلىپ:

— سەن ئاشۇ خوتۇن كىتىپ بارغان تەرەپكە قاراپ ئۇچىسەن. ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا بارغاندا، ئالدىغا چۈشىسەن، ئۇ سىنى تۇتۇۋالىمەن دەپ قوغلايدۇ. سەن بولساڭ، ئازراق ئۇچۇپ، نىرىراق بىرىپ چۈشىسەن. ئۇ كىلىپ سىنى تۇتىمەن دەپ يەنه قوغلايدۇ، سەن يەنه ئۇچۇپ، خوتۇننىڭ بىشىغا قونىسەن، ئۇ خوتۇن كۆتۈرۈپ كىتىۋاتقان تاۋىقنى يەرگە قويۇپ، سىنىڭ بىلەن ئاۋاره بولۇپ قالىدۇ. سەن پەخەس بولغان هالدا يەنه يەرگە چۈشىسەن، شۇنداق قىلىپ بىر ئۇچىسەن، بىر يەرگە قونىسەن، ئاخىرىدا قوش هەيدەۋاتقان ئىرىنىڭ يىنىغىچە بارىسەن، تاۋاق بولسا شۇ يەردە قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچەدىكى ئىسسىق مانتا بىزگە ئوزۇق بولىدۇ، — دەپتۇ.

يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىنىچە يىتىپ، قورساقىنىڭ قايغۇسىدا قالغان بۆره تۈلكىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتا گۆلقەقەلىرى ئىچىلىپ، «ئىسسىق مانتا» دىگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئاغزىدىن سىرىق سۆلار كىلىپ، تامشىپ كىتىپتۇ.

بۆدۆنه تۈلكىنىڭ مەسلىهەتىگە ماقۇل بولۇپ، هىلىقى خوتۇن تەرەپكه قاراپ ئۇچۇپتۇ. بۆدۆنىنىڭ ئارقىسىدىنلا تۈلكه بىلەن بۆره هىلىقى خوتۇن كىتىۋاتقان يولىنىڭ چىتىدىكى ئىرىقنىڭ ئىچىده ماراپ يىتىشىپتۇ. بۆدۆنه ئۇچقان پىتى بىرىپ خوتۇننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، بويىنىنى ئۇزۇن سوزۇپ، چۇرۇلداپ، يورغىلاپ مىڭىپتۇ. تاۋاق كۆتۈرۈپ كىتىۋاتقان خوتۇن:

— ئەجەب چىرايلىق جانىۋار-دە، سەن. چۇرۇلداشلىرىڭ خويمۇ يىقىملىق. سىنى تۇتۇپ بالامغا بىقىپ بىرەي، — دەپ بۆدۆنىنى قوغلاپتۇ. بۆدۆنه ئاستا ئۇچۇپ، ئىككى - ئۈچ ئايلىنىپ كىلىپ، ئۇنىڭ بىشىغا قونۇۋاپتۇ. خوتۇن ناهايىتى خۇشال بولۇپ: «ئەمدى تۇتۇۋالىدىغان بولدۇم» دەپ بىشىنى مىدىرلاتماستىن، تاۋاقنى يەرگە قويۇپتۇ-دە، ئىككى قولىنى ئاستا بىشىغا سوزغاندا، بۆدۆنه ئۇچۇپ يەرگە قونۇپ، خوتۇننىڭ ئالدىدا يورغىلاشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بۆدۆنگە تىخىمۇ ئامراقلىقى كىلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ كىتىۋىرىپتۇ. تاۋاق بولسا، ئۇنىڭ يادىدىن چىقىپ كىتىپتۇ. بۆدۆنه بىر ئۇچۇپ، بىر يەرگە قونۇپ، ئۇنى مىلىكه قىلىپ كىتىۋىرىپتۇ. خوتۇن بولسا، هارغانلىقىنى سەزمەيلا، بۆدۆنىنى قوغلاپ، ئىرىنىڭ يىنىغا يىتىپ كىلەي، دەپ قاپتۇ.

قوش ھەيدەۋاتقان ئېرى خوتۇنىغا قارىسا، پۇلاڭلاپ چىقىپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ
چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن. يېقىنراق كەلگەندە بايقىسا، بىر بۆدۈنە خوتۇنىنىڭ ئالدى-
دا بىر ئۇچۇپ، بىر يەرگە قونۇپ يورغىلاپ كېلىۋاتقۇدەك، دېھقان ھەيداۋاتقان قوشنى
توختىتىپتۇ. ئۇڭغىچە بۆدۈنىمۇ ئۇچۇپ كېلىپ، قوش ھەيدەۋاتقان يەرگە كېلىپ چۈشۈپ-
تۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىرلىشىپ، بۆدۈنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا كىرىشىپتۇ. بۆ-
دۈنە بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قېچىۋېرىپتۇ. ئاخىر ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى
ھاردۇرۇپتۇ. بۆدۈنە بىر ئاسمانغا ئۆرلەپ، بىر يەرگە شۇڭغۇپ، قوشقا قېتىقلىق ئۆينىڭ
مۆڭگۈزىگە قونۇپتۇ، ئەتىدىن كەچ كىرگىچە قوشقا قېتىلغان ئۆي ھېرىپ كەتكەنلىكتىن،
مۆڭگۈزىنى سىلكىپمۇ قويماپتۇ.

— توختا، خوتۇن، توختا! توختا دەيمەن، — دەپ دېھقان ئالدىراشلىق بىلەن قولىغا بىر
كالتەكنى ئاپتۇ-دە، چەنلەپ تۇرۇپ ئاتقانىكەن، بار كۈچ بىلەن ئېتىلغان كالتەك بىچارە ئۆي-
نىڭ بىر مۆڭگۈزىنى تۈۋىدىنلا قومۇرۇپ تاشلاپتۇ. بۆدۈنىگە كالتەك تېگەمدۇ، ئۇ ئاللىقاچان
پەيدەك ئۇچۇپ كۆزدىن يىتىپتۇ. دېھقان «ئەتتەڭ» دەپ ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا، كال-
تەكنىڭ زەربىسىدىن قومۇرۇلۇپ چۈشكەن مۆڭگۈزنىڭ ئورنىدىن قان توختىماي ئېقىپ تۇرۇپ-
تۇ. بىچارە جانىۋار ئۆي دەردىم ئىچىمدە دې-
گەندەك، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ
تۇرۇپتۇ. دېھقان پەملىمەي قىلغان
ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، بىر
ئۇياققا، بىر بۇياققا يۈگۈ-
رۈپ، بىر پارچە ئەسكى
كىگىزنى تېپىپ، قان ئېقى-
ۋاتقان يەرگە كۆيدۈرۈپ
بېسىپ، ئۈستىدىن لاتا بى-
لەن مەھكەم تېڭىپ قو-
يۇپتۇ.



دېھقاننىڭ خوتۇنى
ئۆينىڭ مۆڭگۈزى كال-
تەك بىلەن تەگلا يەرگە
چۈشكەندە، تاۋىقى ئېسى-
گە چۈشۈپ، ئۇنى ئېلىپ
كېلىش ئۈچۈن كەتكەنىكەن.
بېرىپ تاۋاقنى قولىغا ئاپتۇ-
دە، «ئۆينىڭ مۆڭگۈزى يامان

بولدى، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز قوش توختاپ قالسا» دەپ چوڭقۇر ئويلىنىپ، «ئۇغۇ مەيلى، بار بالانى تەرگەن سەن خوتۇن دەپ، ھېلىقى كىشى ئۆلگۈچە دۇمبالاپ يۇرمىسە بولاتتىغۇ» دەپ قايغۇ ئىچىدە ئېرى تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئېرىنىڭ يېنىغا يېقىنلىشاي دېگەندە، ئېرىگە قارىسا، ئېرىنىڭ رەڭگىرويى ھازىرلا قار - يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇرغۇدەك؛ خوتۇن ئېرىنىڭ بۇ پەيلىدىن قورقۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا بىر دەسسەپ، ئىككى چامداپ كەپتۇ. ئەندىشىدە خيالى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن خوتۇن نېمە قىلارىنى بىلمەستىن، ئۆرىلا تۇرۇپ قاپتۇ. ئېرى خاپىلىق بىلەن ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھوي، ھاڭۋاقتى، بولساڭچۇ، قوساق ئېچىپ ئۆلەي دېدىغۇ كىشى، — دەپ خوتۇننى بىرمۇنچە دۇشكەلەپتۇ. خوتۇن تاۋاقنىڭ ئاغزىدىكى ئورالغان لۆڭگىنى يېشىپ قارىسا، تاۋاقنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ تېزەك تۇرغۇدەك: بۇ ئالامەتنى كۆرگەن خوتۇن «ۋاي، مەن ئۆلدۈم» دەپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ-دە، ئۇنىڭ بېشىدىن بىر قاپاق سوغ سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ، تۇرغان جايىدا تاشتەك قېتىپ قاپتۇ.

بىچارە خوتۇن تاۋاقنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىچىگە قارىمىغانىكەن. ئۇ بۆدۈننى تۇتىمەن دەپ، قوغلاپ ماڭغاندا، ئېرىقنىڭ ئىچىدە ماراپ ياتقان تۈلكە بىلەن بۆرە مانتىنى تويغىچە يەپ، ئېشىپ قالغانلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، تاۋاقنىڭ ئىچىگە ئاغزى بىلەن تەڭ ئات تېزىكىنى تولدۇرۇپ قويغانىكەن. «ئىگىسى سېزىپ قالمىسۇن» دېگەندەك قىلىپ، تاۋاقنىڭ ئاغزىنى ئاۋۋالقىدەك لۆڭگە بىلەن ئوراپ قويۇشۇپتۇ.

خوتۇن ھوشىنى يىغىپ ئەتراپىغا قارىسا، ئالدىدا تۇرغان ئېرى يوق تۇرغۇدەك. ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، ئېرى ئۇيىنى يېتىلەپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپتۇ. خوتۇن نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپتۇ، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ «ئاھ» دەپتۇ، «ئۇھ» دەپتۇ. ئاخىرىدا «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دەپ، ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى خاپىلىق بىلەن ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشنى تەگىشىپ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاجرىشىپ كەتتىمۇ ياكى «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات» دەپ يەنە ئاۋۋالقىدەك ئۆي تۇتۇشۇۋەردىمۇ، ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەن كىشى بولماپتۇدەك.

بۆدۈنە مەسلىھەت قىلغان جايىغا كەلسە، تۈلكە بىلەن بۆرە ئېشىپ قالغان مانتىلارنى ئالدىغا قويۇشۇپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغۇدەك. تۈلكە خۇشاللىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يارايسەن، دوستۇم، يارايسەن!— دەپ بۆدۈنىنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ كېتىپتۇ. بۆرىدە بولسا، رەھمەت - تەزىممۇ يوق، چىراي ئاچماستىن ئولتۇرغۇدەك. ئۇ ئالدىدىكى مانتىنى قىزغانغاندەك قىلىپ بۆدۈنىگە دومسىيىپ قاراپ قويغۇدەك. بۆدۈنىنىڭ ئۇچۇپ يۈرۈپ قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك ئەتىمالىم، مانتىدىن بىرنى ئاپتۇ-دە، كىچىك تۇمشۇقى بىلەن چوقۇلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ، ئاڭغىچە بۆرە مانتىلارنى ئالدىغا



تارتىۋېلىپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە يالماپ بوپتۇ. بۆدۆنە قارىغۇدەك بولسا، مانتا تۇ-
گەپ كېتىپتۇ، بۆدۆنىنىڭ قورسىقى تويماپتۇ، لېكىن بۆرىنىڭ بۇ ئاچ كۆزلۈككە بۆدۆنە-
نىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ياۋاشلىقىغا ئېلىپ ئۈندىمەپتۇ.

بۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بۆرە تۈلكە بىلەن بۆدۆنىنى توختىتىۋېلىپ:

— ئاغىنىلەر، قورسىقىم ئاچقاندەك قىلىۋاتىدۇ. قورساقنىڭ ئاچقانلىقىنى ئىلگىرىدەك ئېيتىپ قويمىسام، كېيىن چىداپ تۇرالمايدىكەنمەن، — دەپتۇ. تۈلكە بۆدۆنىگە قاراپ-
تۇ-دە، ئۇنىڭدىن كېيىن بۆرىگە:

— راست دەيسەن، دوستۇم! قورسىقىڭنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىنى ئالدىنراق ئېيتقىنىڭ ياخشى بولدى، ئالدىنراق مەسلىھەتلىشىۋالايلى، — دەپتۇ. ئاندىن بۆدۆنىنى يولنىڭ چې-
تىگە تارتىپ:

— دوستۇم بۆدۆنە، بۇ بۆرە بىزگە بىر بالا بولدى، بۇنىڭدا قوساق جېدىلىدىن باشقا گەپ يوق. ئولتۇرسا - قوپسا يەيمەنلا دەيدۇ، — دەپتۇ.

بۆدۆنە تۈلكىگە يېقىنراق كېلىپ:

— دوستۇم، بۆرىنىڭ پەيلى مۇشۇنداقلا بولسا، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بىزنى-
مۇ يەپ قويىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— ياق، ئالدىرىما، بۇنى جايلايمىز، — دەپتۇ تۈلكە.

—قانداق جايلايمىز؟— دەپ سوراپتۇ بۆدۆنە.

— ھازىر ئالدىمىزغا قاراپ ماڭىمىز، بىر دۆڭدىن ئۆتۈپ توختايمىز، ئۇ يەردە نا-
ھايىتى چوڭ ۋە ئازادە بىر باغ بار. سەن شۇ باغنىڭ ئىچىگە ئۇچۇپ كىرىسەن، كەي-
نىڭدىنلا بۆرە بىلەن ئىككىمىز سوڭگۈچتىن كىرىپ بارىمىز. باغنىڭ ئىچىدىكى ئۈزۈم پىشىپ ۋايىغا يەتتى. سەن باراڭغا قونۇپ تۇرۇپ ئۈزۈمنى چوقۇلاپ يەرگە چۈشۈرۈپ بېرىسەن، بىز ئۇنى يەيمىز، يېگەندىمۇ بۇرۇنلىرىمىزدىن ئۈزۈم يېنىپ چىققىچە يەيمىز، دەل شۇ ۋاقىتتا سەن ماڭا قارايسەن، مەن «بولدى» دەپ ئىشارەت قىلغاندا، سەن: «ۋاي ئىگىسى، باغقا ئوغرى كىردى!» دەپلا باغدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىسەن. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ تەييارتاپتىن قۇتۇلىمىز، — دەپتۇ تۈلكە.

بۆدۆنە تۈلكىنىڭ ئامالىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر ئويغا چۈشۈپتۇ. بىراق ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، تۈۋگە يېتەلمەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ «بۆرە شۇنىڭ بىلەن بې-
شىنى يەمدۇ ياكى يەنە تىرىك قالامدۇ» دەپ بۆدۆنە تۈلكىدىن سورىماپتۇ. تۈلكە بۆ-
دۆنىنى ئېلىپ، بۆرىنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، ئۈنچىقماي يەنە يولغا راۋان بولۇشۇپتۇ. خېلى يوللارنى بېسىشىپ، ھېلىقى باغقا يېتىپ كەپتۇ. بۇلار باغقا قاراشسا، باغ ناھايىتى ھەي-
ۋەتلىك تۇرغۇدەك، باغنىڭ ئەتراپى ئېگىز سېپىلدەك تاملار بىلەن قورشالغانىكەن. بۇ ئېگىز تاملاردىن ئارتىلىپ باغقا كىرىشكە ھېچقايسىسىنىڭ كۆزى يەتمەپتۇ. بۆدۆنە بول-

سا، ئۇچۇپتۇ-دە، سوزۇلۇپ بېرىپ، باغقا كىرىپ كېتىپتۇ. تۆلكە بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا مېڭىپ بېقىپ، بىر سۆڭگۈچنى تېپىپ بۆرىنى يېنىغا قىچقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم بۆرە، باغقا كىرگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنلۈك تاماقنى بىرلا يەۋالىمىز. بۇنداق قىلمىغاندا يولدا تاماق تېپىلمايدۇ. بۇ باغدىكى ئۈزۈم ناھايىتى شېرىن، قانچە كۆپ يېسەك، شۇنچە سىڭىۋېرىدۇ، قورساق راسا تويغاندا، بۇرنىمىزدىن ئىككى تال ئۈزۈم يېنىپ چىقىدۇ، ئۈزۈمنى شۇنىڭغىچە يېيىش كېرەك، بولمىسا قورساق تويغان ھېسابلانمايدۇ، — دەپ ئالاھىدە جېكىلەپتۇ. بۆرە «بولدى، يەيدىغانلا نېمە بولسا، مەن تەييار» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ. تۆلكە:

— دوستۇم، باغنىڭ ئىچىگە كىرگەندە تولا گەپ - سۆز قىلما. باغنىڭ ئىگىسى تۇيۇپ قالسا، ئىش چاتاققا ئايلىنىدۇ، — دەپ بۆرىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپمۇ قويۇپتۇ.

تۆلكە بىلەن بۆرە سۆڭگۈچتىن قىسىلىشىپ باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاراشسا، باراڭدىكى ساپ - ساپ ئۈزۈملەر راسا پىشىپ، مەي بولۇپ كەتكەنىكەن. بۆدۈنە ئۈزۈمنى چوقۇپ يەرگە چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ. مۆلدۈردەك يەرگە چۈشۈۋاتقان ئۈزۈملەرنى بولسا، بۆرە بىلەن تۆلكە نەرخىنى سورىماي يەۋېرىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بۆرە تۆلكىگە قارىسا، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىدە ئىككى تال ئۈزۈم تۇرغۇدەك.

بۆرە تۆلكىدىن:

— دوستۇم، بۇ نېمەڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يادىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ؟ بايا ساڭا ئېيتمىدىممۇ، قورسىقىم تويۇپ، ئۈزۈم بۇرنۇمدىن چىقتى، — دەپتۇ.

بۆرە گەپ - سۆز قىلماستىنلا، يەردىكى ئۈزۈملەرنى ئوچۇملاپ ئاغزىغا سېلىشقا باشلاپتۇ. خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، بۆرىنىڭ قورسىقى ئوبدان تويغان بولسا كېرەك. يەنە تۆلكىگە قاراپتۇ. تۆلكە بۆرىگە يېقىنراق كېلىپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ «يە» دەپتۇ. بۆرە ئۈزۈمنى ئىككى - ئۈچ قېتىم ئوچۇملاپ ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇپ بېقىپتۇ. لېكىن ئۈزۈم ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىقاي دېمەپتۇ. بۆرە تۆلكىگە يەنە قاراپتۇ. تۆلكە بۇ نۆۋەت:

— چاپسان يېگىن، ئىگىسى كېلىپ قالىدۇ، — دەپتۇ. ئەمما بۆرىنىڭ قورسىقى بەكمۇ تويۇپ كەتكەنلىكتىن بولالماي، تۇرغان ئورنىدا يېتىپ قاپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا بۆدۈنە تۆلكىگە قارىغانىكەن، تۆلكە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۆدۈل قىلىپ تۇرۇپ، ئاغزىنى قايسايتىپ «بولدى» دەپ قويۇپتۇ. بۆدۈنە قونۇپ تۇرغان ئورنىدا ئۆزىنى جۆندىۋېلىپ:

— ۋاي ئىگىسى، باغقا ئوغرى كىردى، ۋاي ئىگىسى، ئۈزۈمنى بۆرە يەپ كەتتى، — دەپ باغنى چاڭ كەلتۈرگۈدەك بەش - ئالتە قېتىم ۋارقىراپتۇ-دە، ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆزىنى رۇسلاپ تۇرغان تۆلكىمۇ قۇيرۇقىنى دىڭ قىپتۇ-دە، سۆڭگۈچتىن چىقىپ قېچىپتۇ. بۆرە بولسا، كۆك بىدە يەپ قارنى كۆپكەن كالىدەك پۇشۇلداپ، ئورنىدىن ئاران تۇرۇپتۇ ۋە قورسىقىنى سۆرەپ سۆڭگۈچكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بىراق ئۇ سۆڭ-

گۆچكە كەپلىشىپ قاپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى «بەھ ـ بەھ!...» دەپ تايغانلىرىغا ۋاقىرىغانـ
كەن، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بۆرە ھازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ كېتىپتۇ.
ئۇ سۆڭگۆچنىڭ ئىچىدە بىردە دۈم بولۇپ بېقىپتۇ، بىردە ئوڭدا بولۇپ بېقىپتۇ، ئەمما
سۆڭگۆچتىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ. ئاخىر سۆڭگۆچنىڭ يان تەرىپىنى بار كۈچى بىلەن تاـ
تىلاپتۇ ـ دە، سۆڭگۆچنى بىر ئاز كېڭەيتكەن بوپتۇ ۋە سۆڭگۆچتىن چىقىپ قېچىپتۇ.

باغ ئىگىسى ئۇزۇن بىر كۆسەينى ئاپتۇ ـ دە، جەدە بايتىلنى يايداق مىنىپ، ئىككى
تايغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ، بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ. بۆرە ئاللا ـ تووا قېچـ
قىرىپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگا باقماي، ئويمان ـ چوڭقۇرلۇقلاردا يۇتلىشىپ يىقىلىپ قېچـ
ۋېرىپتۇ. قانداق قىلىپ جان ساقلاپ قېلىشىغا كۆزى يەتمىگەن بۆرە تەمتىرىگەن ھالدا
يان باغرىغا كۆز سالسا، بىر بوۋاي قوش ھەيدەۋاتقۇدەك. بۆرە بوۋاينىڭ قارىسىنى
ئاپتۇ ـ دە، بوۋاي تەرەپكە يۈرۈلۈپ:

— ۋاي بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ، ۋاي بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ!— دەپ
يۇگۈرەۋېرىپتۇ. بوۋاي ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا زارلاپ كېلىۋاتقان بۆرىنى كۆرۈپ، ھەيـ
دەۋاتقان قوشنى توختىتىپ، تاغىرنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى بۆرىگە قارىتىپ ئېچىپ
تۇرۇپتۇ. بۆرە ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپ جايلىشىپتۇ. بوۋاي بولسا،
ئالدىرىماستىن تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ، ئۇنى سۆرەپ بىر دالدىغا ئەكېلىپ تاشلاپ قوـ
يۇپتۇ. بوۋاي قوشنىڭ يېنىغا كېلىشكە باغنىڭ ئىگىسى بوۋاينىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ:

— يېنىڭىزدىن بىر بۆرە ئۆتكەنلىكنى كۆردىڭىزمۇ؟— دەپ سوراپتۇ. بوۋاي ھېچـ
نېمىنى كۆرمىگەن كىشىلەردەك:

— ئۇكام، بۈگۈن سەل كېچىكىپرەك كېلىۋىدىم، يامان ئەمەس، بىر يېرىم پۇت
ئوزۇق چېچىپ بولدۇم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

باغنىڭ ئىگىسى «بوۋاينىڭ قۇلىقى ئېغىرراق بولسا كېرەك» دەپ ئېتىنى دېۋىتىپ،
بوۋايغا تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ:

— بوۋاي، مەن قانچىلىك ئۇرۇق چاچقانلىقىڭىزنى سورىمىدىم، يېنىڭىزدىن بىر
بۆرە قېچىپ ئۆتتىمۇ، دەۋاتىمەن؟!— دەپتۇ ئۈنلۈك ۋارقىراپ.

بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ:

— ھەي ئۇكام، سىلەرگە ئوخشاش ھال ـ ئوقىتى بار كىشىلەر يەرنى جىق تۆتمەـ
سا، بىز كەمبەغەللەر جىق يەرنى نېمە قىلىمىز!— دەپتۇ.

باغنىڭ ئىگىسى بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ «ئاينىپ قالغان بوۋايمۇ نېمە، كاللا دېسە پاـ
قالچاق دەپ يۈرىدۇ» دەپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپتۇ. باغنىڭ
ئىگىسى خېلى يىراقلاشقاندىن كېيىن، تاغارنىڭ ئىچىدىكى بۆرە:

— بوۋاي، ئەمدى تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەت، چىقىۋالاي!— دەپتۇ.

بوۋاي تاغارنىڭ ئاغزىنى يېشىۋەتكەندىن كېيىن، بۆرە چىقىۋېلىپ، رەھمەتمۇ دېمەيـ



تۇ. بوۋاينىڭ قوشقا قېتقلىق ئۈيلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئۆتۈپ:

— بوۋاي، قورسىقىم ئاچتى. ئۈيلىرىڭدىن بىرىنى يېمىسەم بولمىدى. قايسىسىنى يېسەم بولىدۇ؟— دەپ بوۋايغا قاراپتۇ.

بوۋاي بۆرىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ:

— ئۈيۈمدىن بىرىنى يېسەڭ، دېھقانچىلىقىمنى قانداق قىلىمەن؟— دەپتۇ. بۆرە بوۋاينىڭ جاۋاب سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىچە قىزىرىپ ـ تاتىرىپ:

— دېھقانچىلىقىڭ بىلەن نېمە كارىم، قورسىقىم تويسا بولدى، — دەپتۇ. بوۋاينىڭ-
مۇ جۇدۇنى تۇتۇپ:

— ئۈينى يەيدىغان ھەددىڭ يوق، ۋاپاغا جاپا، دېگەن شۇكەن-دە، — دەپتۇ زەردە بىلەن.

— ئۈيلىرىڭدىن بىرىنى يېگىنىم يېگەن، — دەپ بۆرە قوش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بوۋاي تۇرغان ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ- دە، قەھر ـ غەزەپ بىلەن كەتمەننى قولغا ئېلىپ:

— ئۈينى يەيدىغان ھەددىڭ ئەمەس!— دەپ بۆرىنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. بۆرە بو-
ۋاينى كۆزگە ئىلمىغاندەك، ئاغزىنى كالچايتىپ ئۈي تەرەپكە مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغان-
دا، بۆدۈنە بىلەن تۈلكە ماجىرانىڭ ئۈستىگە كېلىپ قاپتۇ. تۈلكە:

— ھوي، دوستۇم! بارمۇسەن، ئەھۋالىڭ قانداق، قانداق قۇتۇلدۇڭ؟— دەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۆدۈنىمۇ بۆرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. بۆرە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەنى باشلاپتۇ. بوۋاي بولسا، قوشۇمىسىنى قاتتىق تۈرۈپ، كەتمەننى تۇتقان ھالدا، بۆرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپتۇ. بۆرىنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كې-
يىن، تۈلكە گۈلىيىپ سۆزگە كىرىشىپتۇ:

— دوستۇم، بۇ سۆزۈڭگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، تاغارنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋېلىپمۇ شۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلغىلى بولامدىكەن؟ ئىككى تايغان كەينىڭدىن يولۇۋاستەك قوغلاپ كېلىۋاتسا، باغ ئىگىسى ئىزىڭدىن قالماي قوغلىسا، سېنىڭ قەيەرگە مۆكۈۋالغىنىڭنى كۆرمەي قالامدۇ؟— دەپتۇ. بۆرە تۈلكىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇ-
رۇپ، ئۇ ياققا ـ بۇياققا ئۈچ ـ تۆت قېتىم مېڭىۋېتىپ:

— مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەمسىلەر، قانداق قىلىپ قۇتۇلغىنىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بوۋاي ئەنە، قاراپ تۇرىدىغۇ، سوراپ كۆرمەمسىلەر، — دەپ ئۆكۈپتۇ.

— ياق، ياق، بۇ گەپلىرىڭگە زادى ئىشەنگىلى بولمايدۇ، — دەپ قويۇپتۇ تۈلكە بۆرىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ، بۆدۈنىمۇ شۇنداق دەپتۇ.

— ئەگەر گېپىڭ راست بولسا، — دەپتۇ تۈلكە بىلەن بۆدۈنە، — شۇ ئامالىڭنى بىزگە قايتىدىن كۆرسىتىپ باققىنا، — دېگەنىكەن، بۆرە ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ-دە، ئۈنچىقماستىن سوكۇلداپ مېڭىپتۇ ۋە خېلى بىر يەرلەرگە بېرىپ قايتىپ يۈگۈرمەكچى بولغانىكەن، تۈلكە:



— ھوي، دوستۇم، يىراقراق يەردىن يۈگۈرمەمسەن، يېقىن يەردىن يۈگۈرسەڭ نېمە قىزىقى بولدۇ!— دەپ ۋارقىراپتۇ. بۆرە ئارقىسىغا يېنىپ يەنە مېڭىپتۇ. بۆرىنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتكەندىن كېيىن، خاپىلىق بىلەن تۇرغان بوۋاي بۆرە بىلەن بولغان ماجىرانى تۆلكە بىلەن بۆدۈنىگە ئېيتىشقا باشلاپتۇ. تۆلكە بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— بوۋاي، بۆرىنىڭ ساڭا قىلغان بىۋاپالىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق. ئەمدى پەيتى كەلدى. ئەپلەپ تۇرۇپ بۆرىنىڭ جاجىسىنى بېرىشنىڭ چارىسىنى قىلمامسەن؟— دەپ تۇرغان ئارىلىقتا بۆرە دوڭغاسلاپ چىقىپ كەپتۇ-دە، بوۋايغا قاراپ:

— ۋاي بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ... تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ!— دەپ ۋارقىراپتۇ. بوۋاي تاغارنىڭ ئاغزىنى يوغان كېرىپ، بۆرىگە قارىتىپ تۇرۇپتۇ. بۆرە كېلىپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. بوۋاي «ھىم» دەپ چىشىنى - چىشىغا بېسىپتۇ-دە، ئارغامچىنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋۋالقى قېتىمدا تاغارنىڭ ئاغزىنى ئىككى قات قىلىپ باغلىغان بولسا، بۇ نۆۋەت تۆت قەۋەت بوغۇپتۇ.

— خوش، قولىغا چۈشتۈڭمۇ، ئۇيىنى يەيدىغان ھەددىڭ ئەمەس، دېمىگەنمىدىم، — دەپتۇ بوۋاي.

— بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى يېشىۋەت، چاپسان بول، — دەپ، بۆرە بىردەم مەمەدانلىق بىلەن ۋارقىراپ بېقىپتۇ. بوۋاي كۈلۈپ، ئۈنچىقماي جىم تۇرۇپتۇ. بۆرە ئۆزىچە يەنە ۋارقىراپ بېقىپتۇ، لېكىن تاغاردىن چىقىشنىڭ ھېچبىر ئىلاجىسىنى تاپالماپتۇ. بۆدۈنە بىلەن تۆلكە ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈشۈپتۇ-دە، بوۋايغا قاراپ:

— بوۋاي، بۆرىنىڭ ئەدىپىنى كېلىشتۈرۈپ بېرەرسەن، — دەپ بۇ جايدىن كېتىشىپتۇ. بوۋاي بۆرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن غەزىپى ئۆرلەپ، ئۇنى كەتمەن بىلەن سالغىلى تۇرۇپتىكەن، ئايھاي، بۆرە دۇنياغا كەلگىنىگە مىڭ داد دەپتۇ. بوۋاي ھېرىپ - چارچاپ تاغارغا قارىسا، بۆرىنىڭ پۇت - قوللىرى كۈكۈم - تالقان بولۇپ، ئۇنىڭ تېنى بىر تۇلۇمغا ئوخشاپ قاپتۇدەك. بوۋاي ئۇنىڭ تېرىسىنى پىچاق تەگكۈزمەستىن سويۇپ ساتقانىكەن، پۇلىغا بىر ئات كەپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي يىراق - يېقىنغا پىيادە يول ماڭماس بولغانىكەن.

بۆدۈنە بىلەن تۆلكە ئاچ كۆز بۆرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە بىللە ياشاپ، بىللە ئويناپ، بىللە كۈلۈپ يۈرۈشۈپتۇ. ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە قويۇق جاڭگاللىقنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسلىشىپ، بىر - بىرىنى ماختىشىپتۇ. سۆزنىڭ قىزىق يېرىگە كەلگەندە كۈلۈشۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۆلكە بۆدۈنىگە:

— دوستۇم، ئىككىمىز تولىمۇ چىرايلىق ئۆتتۇق. ھەممىلا جايدا ئويۇن - كۈلكە بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇق. كۈلۈۋېرىپ زېرىكتىم. ئەمدى مېنى بىر قورقۇتۇپ باقمامسەن، قورقۇش دېگەن قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ. تۆلكىنىڭ ئۆتۈنۈشىدىن كېيىن بۆدۈنە:

— بولدۇ، دوستۇم، مۇشۇ كەمگىچە سېنىڭ سۆزۈڭنى يەردە قويمىدىم. ھېلى

بولسىمۇ بۇ سۆزۈڭنى بەجا كەلتۈرەي. بىراق بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىسى خاپىلىق بىلەن ئاياغلىشارمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا تۈلكە:

— ياق، دوستۇم! ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلماس. ئۇ ياقلىرىدىن خاتىرجەم بول، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، — دەپ بۆدۈنە تۈلكىنى جاڭگاللىقتا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، جاڭگاللىقنىڭ ئەتراپىغا كۆز سالسا، بىر ئوۋچى قۇشنى قولىغا قوندۇرۇپ، ئىككى تايغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق كېلىۋاتقۇدەك. بۆدۈنە ئوۋچىنى كۆرۈپ، تۈلكىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇنى ئارقىسىغا سېلىپ جاڭگاللىقتىن چىقىپ، لويلا، كوكاتلىق جايلار بىلەن ئوۋچىنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل ئېلىپ مېڭىپتۇ. كوكاتلىقلار تۈگەپ، داق يەرگە چىققان ۋاقتىدا ئوۋچى تۈلكىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ تايغانلىرىنى چاقىرىپ، قۇشنىڭ بۆكىنى بېشىدىن ئېلىپ، تۈلكىگە قارىتىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئاسماندىن قۇش، يەردىن تايغانلار تۈلكىگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوۋچى ئېتىنى بولۇشىغا چېپىپ، قىيقاس بىلەن مېڭىپتۇ. بۆدۈنە دەھشەتلىك ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ، تۈلكە ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ جاڭگاللىققا قاراپ قېچىپتۇ. مىڭ مۇشەققەتتە جاڭگاللىققا ئۇلىشىپتۇ، لېكىن تۈلكە جاڭگاللىققا كىرىپمۇ جان ساقلىغۇدەك، ئەپلىكرەك، جاي تاپالماي، گاڭگىراپ قاپتۇ. دەل ـ دەرىخى شالاڭراق يەرگە بېرىپ تۇراي دېسە، ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن قۇش ئۇنى كۆرۈۋالدۇ. قويۇق جاڭگاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر يەردە ياتاي دېسە، ئىككى تايغان ئۈستىدىن چۈشۈپ باسىدۇ. تۈلكە نەگە بارسا، تايغانلار ئىز بېسىپ ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋېرىپتۇ.

تۈلكە جاڭگاللىقمۇ جاڭگاللىق قېچىپ ھېچبىر دەرمانى قالماپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنىنى جىغانلار سىجاپ، ھېچبىر ھالىنى قويماپتۇ. تەنلىرىدىن قان چىقىشقا باشلاپتۇ، تۈلكە شۇنداق قورقۇپتۇكى، ئۇنىڭ جېنى ھازىرلا بۇرنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. بۆدۈنە بولسا ئېگىز دۆۋىلەنگەن بىدىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، تۈلكىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

تۈلكە ھېچ بولالماي، بۈك جاڭگاللىق يان باغرىغا قېچىپتۇ، ئۇ قارىسا بىر ياردا قاپقاراڭغۇ تۆشۈك تۇرغۇدەك، تۈلكە شۇ تۆشۈككە بار كۈچى بىلەن ئېتىلىپتۇ. تايغانلارمۇ تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزۈلمەي، تۆشۈككە كىرىپتۇ. بىراق قاراڭغۇ تۆشۈكنىڭ نېرىسىغا بارغاندا سىغماي، قايتىپ چىقىشىپتۇ. تايغانلار شۇ ئەتراپتا خېلى تۇرۇپ كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ. بىر مەزگىللەردىن كېيىن تۈلكە تۆشۈكتىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئەمما ئۇ ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، يۈرىكى سېلىپ تۇرۇپتۇ. تۈلكىنى كۆرگەن بۆدۈنە:

— دوستۇم تۈلكە، قورقۇش دېگەن قانداق بولىدىكەن؟ — دەپ كۈلۈپ سوراپتۇ. تۈلكە «ھە...ھە» دېگەن بولۇپ، بۆدۈنىگە يېقىن كەپتۇ-دە، چاققانلىق بىلەن ئۇنى

كاپلا قىلىپ چىشلىۋاپتۇ ۋە ئاچچىقى بىلەن:
— ھەي، قورقۇت دېسە، شۇنچىۋالامۇ قورقۇتامسەن! يۈرىكىم ئورنىدىن قوزغـ-
لىپ، جان تۇمشۇقىقا كېلىپ قالدى. سېنى بىر چاينايكى، ئۇستىخىنىڭنى ئاسمانغا پۇر-
قاي!— دەپتۇ تۈلكە غەزەپلىنىپ.
تۈلكىنىڭ ئاغزىغا تۇيۇقسىز چۈشۈپ قالغان بىچارە بۆدۈنە بىر توغرام تېنى بىلەن
نېمە ئامال قىلالىسۇن. كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ:
— بوپتۇ، دوستۇم. مەن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. كەڭچىلىك قىلساڭ، ئاتا -
ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىم بىلەن خوشلىشىۋالاي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تۈلكە قاپاقلىـ-
رىنى سىلىپ «ھە بوپتۇ!» دەپ بۆدۈنىنى بوشراق چىشلەپ تۇرۇپتۇ. بۆدۈنە «ۋىتىۋال-
داق، ۋىتۋالداق» دەپ ئۈچ قېتىم سايراپتۇ.
— بولدىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ تۈلكە بۆدۈنىدىن. بۆدۈنە جىم تۇرۇپتۇ، تۈلكە يەنە
تېرىكىپ:
— بولدىمۇ؟— دەپ قەھرى بىلەن سوراشىنىڭ ئارىلىقىدا ئۇنى قاتتىق يۆتەل قىسـ-
تاپ كېتىپ «ئۆھ..ھۆ» دېگەنىكەن، بۆدۈنە تۈلكىنىڭ ئاغزىدىن پۇررىدە قىلىپ ئۇچۇپ
چىقىپ كېتىپتۇ. بىراق بۆدۈنىنىڭ قۇيرۇقىنى تۈلكە چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ قاپتۇ. ئېيتىلىشلارغا
قارىغاندا، بۆدۈنىنىڭ قۇيرۇقى ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ چولاق بولۇپ قالغانىكەن.



# تەكەببۇر سېغىزخان

زامانلارنىڭ زامانىدا، دۇنيانىڭ شەرق تامانىدا، يەتتە تاغدىن ئۆتكەندە، يەتتە دەريا كەچكەندە، بۇ يەرلەرنىڭ نېرىسىدا، ئۇچار قاناتلار يېرىدە، ئۈستى يېشىل تاغلىق، ئاستى گۈزەل باغلىقتا ياشايدىكەن تۈرلۈك - تۈمەن قۇش، ئۆتىدىكەن ۋاقتى چاغ ھەم خۇش. كۆكسى - قارنى توق ئىكەن، ھەر ئىشقا تەييار ئىكەن، دوستقا ۋاپادار ئىكەن، تاۋۇس قۇش شاھ ئىكەن، تۇتقۇش ۋەزىر ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈزەللىك مەپتۇنلىرى قۇشلار ئۆز مەيلىدە يۈرگەن چاغدا سەيلىدە، قىزىغاندا تاماشا، شاھ كۆڭلىگە سېلىپ ئەندىشە، شاھقا خەۋەر كەپتۇ بىر، بايان ئەيلەپتۇ ۋەزىر: «بەزىلەرنىڭ سۆزىچە، كۆرگەنلەرنىڭ كۆزىچە، كەپتۇ بىر قۇش بىچارە، شاھقا ئېيتىپ ئەرزە. ئەھۋالى بەكمۇ يامان، چىرايى ئۇنىڭ سامان. ئەرزىمنى تىڭشىسا شاھ، دەردىمگە قىلسا داۋا» دەپ يەتكۈزۈپ ئويىنى، قىسىپ تۇرارمىش بويىنى.

شاھ تاۋۇس قۇش شۇ چاغدا:

— ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈڭلار، بارچىغا خەۋەر قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

چاپارمەنلەر ھەريان چېپىپتۇ، خەۋەرنى ھەممىگە ئېيتىپتۇ، ئولتۇرغانلار تۇرۇپتۇ، تۇرغانلار شاھ ئەمرى بويىچە يۈگۈرۈپتۇ، شاھ دەرگاھىنى قۇچۇشۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بارچە قۇشلار تەييار بولۇپتۇ، مەيدان ئىچى تولۇپتۇ. قۇشلار قارىسا بىر چەتتە بىر بىچارە قۇش، يۈرەك - باغرى پارە - بىھوش، كۆزى قان - ياشقا تولغان، كۈچ - ماغدۇرى قۇرۇغان ھالدا تۇرۇپتۇ.

شاھ تەختكە چىقىپ، ئوڭ - سولىغا بېقىپ ئاشۇ بىچارە قۇشقا چۈشۈپتۇ كۆزى ۋە شۇنداق بوپتۇ ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزى:

— ئېيتقىن، قېنى ئاھىڭ، بىزنى دەپ بىل پاناھىڭ! ئېيت بىزگە ناتونۇش سەن، ئۆزۈڭ قايسى قۇشسەن؟ ئەھۋالىڭنى بىلەيلى، ساڭا رەھىم قىلايلى.

— مەن بىر مۇساپىر يېتىم، سېغىزخاندۇر مېنىڭ ئېتىم. ئاتاممۇ يوق، ئاناممۇ يوق، يا يۆلەكچى پاناھىممۇ يوق. كۆپلەرگە مەن سېتىلدىم، قايغۇ - غەمگە چېتىلدىم، زەھەر - زوققۇم ئىچىشىمدۇر، يېگىنىم قۇم - تېشىمدۇر. ئۇچرىدىم بۇلاڭ - تالاڭغا، تېنىم بويالدى قانغا. يالغۇز يېتىم شۇ ئىكەن، قىلچە قەدرىڭ يوق ئىكەن. ماڭا رەھىم قىلساڭلار، سىلەرگە مەڭگۈ ھۆرمەتتە ئۆتەي، بەلكى خىزمەتتە ئۆتەي، — دېگەن سېغىزخان دادىغا چىدىيالماي ئۆتمۈش كېلىپ يادىغا، كۆپ قۇشلار يىغلاپ تۆكۈپ ياش، ئېگىشىپ تۆۋەنگە باش:



ــ بولايلى يۆلەك، نېمسى بار بىزدىن بۆلەك، ــ دەپتۇ، شاھ بۇيرۇقنى ئوقۇپتۇ:
ــ بوۋايلاردىن شۇنداق گەپ قالغان: «ئەل ھىممىتى دەريادۇر ھەيھات، ھەربىـ
رىڭلار بىردىن پەي، قانات. سىغىزخان بىزگە ئەل، يېشى قۇرۇسۇن، بېشى ئوڭشالسۇن!
شاھ، ۋەزىردىن باشلاپ قۇشلار بىردىن پەي، قانات تاشلاپتۇ، سىغىزخان قەددىنى
رۇسلاپتۇ. ئۇ ئەلگە رەھمەت ئېيتىپتۇ، بېشى كۆككە يېتىپتۇ. سىغىزخان ئۆزىنى
رۇسلاپ، قانات ـ قۇيرۇقنى دۇرۇسلاپ، توقۇزى تەل، ئارزۇلىرى ھەل بولۇپ
يۈرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا قارغا كېلىپ، بىر دالدىغا تارتىپ، غولىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئەيـ
نەكنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، شۇنداق دەپتۇ:
ــ قارا دوستۇم ئۆزۈڭگە، ئىشەنسەڭ گەر ـ سۆزۈمگە، سەندىكى بۇ قامەت باشـ
قىسىدا يوق. قۇشلار ئىچىدە ھەممىسىدىن گۈزەللەرنىڭ بىرسەن، شاھ تاۋۇس، ۋەزىر
توتى ئالدىڭدا ھېچ نىمە ئەمەس.
سىغىزخان قايناپ، تىلىنى چايناپ:
ــ تىلىڭغا ناۋات ئاداش، مۇشۇمۇ بولامدۇ ياشاش!ــ دەپ ئەينەككە يەنە بىر قاـ

راپ، ئۆزىنى يۇيۇپ - تاراپ، ئۇنتۇپ كۆرگەن كۈننى، كۆتۈرۈپتۇ بۇرنىنى.

سېغىزخان راسا گىدىيىپ، كۆزلىرى گىرتىيىپ، كۆزىگە ھېچكىمنى ئىلماي، ئىززەت - ھۆرمەتمۇ قىلماي «مەن ئاكاك قارىغاي، مېنىڭدەك كىم سايرىغاي، مەن ھۆسن - چى-رايىغا باي» دەپ جاھاننى تار كۆرۈپ، ياخشىلىق قىلغانلاردىن يۈز ئۆرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سېغىزخان، غوۋغا - چۇقان كۆتۈرۈپ، ئاچچىق - ئاچچىق يۆتىلىپ، ئۇيان - بۇيانغا قاراپ، قۇيرۇقىنى تاراپ - تاراپ «شاھتىن مەن ھېچ كەم ئەمەس، شاھ مېنىڭ-دىن بەكمۇ پەس» دەپ شاھ ئالدىدا تۇرۇپ، كۆكسىگە ئۇرۇپ:

— ھەي، بىئەدەپ تاۋۇسباي، تەلەتى سوغ شۇم چىراي، تۇر، تەختىنى ماڭا بەر، بار بەختىنى ماڭا بەر، بولمىسا بولسەن مېنىڭ قولۇمدا يەر، — دەپتۇ.

شۇنداق كۈنىنىڭ بىرىدە شاھ تاۋۇس يىغىپ ئەس - ھوشىنى «يىغىلىڭلار!» دەپتۇ. بارلىق قۇش كەپتۇ، بارلىق ئۇچار قانات تىڭشاپتۇ، شاھقا قاراپ. شاھ يېقىندىن سۆز باشلاپ، ئەتراپقا كۆز تاشلاپ، سېغىزخاننىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئېيتىپتۇ، بۇ ئىشقا قۇشلار ھەيران بولۇپ، كۆتۈرۈپتۇ چۇقان. دەپتۇ:

— مۇناپىق سېغىزخان، يوق ئۇنىڭدا نومۇس - ئىزا، بېرىلسۇن ئاڭا جازا!

— جازا شۇ، — دەپتۇ شاھ، — ھەركىم بولسۇنكى ئاگاھ، ھەر قۇش بەرگەن پەي، قانىتىنى ئالسۇن تىز!

قۇشلار سېغىزخاننى ئېلىپ ئارىغا، تېنىنى پاتۇرۇپ يارىغا، بىرى نوقۇپ، بىرسى چوقۇپ، بىرى يۇلۇپ قاناتلىرىنى ئاپتۇ، سېغىزخان يالاڭ قاپتۇ، قېچىپتۇ شۇ چاغ، ئۇ باش ئېلىپ، كۆزىگە جىق ياش ئېلىپ.

ئەي باللار، باللار، بۇ چۆچەكتىن ئىبرەت ئېلىڭلار، تەكەببۇرلۇقنىڭ ئاقىۋىتى يا-مان ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار!

# مۆشۈكنىڭ تاپقان ئامالى

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، كۆزلىرى چەكچەيگەن، دۇمبىسى دۈمچەيگەن، پۇت - قولى ماغدۇرسىز، ئاغزىدا چىشى يوق بىر مۆشۈك بار ئىكەن. ئۇ ئالدىدىن قېچىپ ئۆتكەن بىر چاشقاننىڭ بالىسىنى قوغلاپ، تۇتالماستىن «ئەپسۇس!» دەپ ئولتۇرغان هالدا ياشلىقىدىكى چەبدەسلىكى ئېسىگە چۈشۈپ، كۆزىگە جىق ياش ئاپتۇ، قورسىقىنىڭ ئاچلىقى ئۇنى ئويغا سالپتۇ.

كۆن ئويلاپ، ئاي ئويلاپ، ئۈگدەپ قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بىر قۇۋلۇقنى ئويلاپ تېپىپتۇ-دە، مەڭدەپ تۇرۇپ، تاپقان ئويىنى ئىشقا سالپتۇ: بېشىغا سەللە ئوراپ، قولىغا تەسۋى تۇتۇپ، ئالدىغا جايناماز سېلىپ، قىبلىگە قاراپ، ناهايىتى مۇلايىم بولۇپ، چاشقانلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ.

ئۇۋىسىدىن چىققان چاشقان ئاۋۋال بېشىنى چىقىرىپلا قېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ، كېيىن يەنە چىقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. مۆشۈكنىڭ تىنچ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇۋىسىغا كىرىپ، ھەممە چاشقانلارغا مۆشۈكتىكى ئۆزگىرىشنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭغا چاشقانلار ئىشەن-



مەستن، ئالدى بىلەن يۇرەكلىكرەك ۋە چاققانراق كۆزەتچى چاشقاننى چىقارتىپتۇ. ئۇ
تۆشۈكتىن چىقىپ بايقاپ، ھېلىقى چاشقاننىڭ خەۋىرى راست ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپتۇ.
شۇنداق بولسىمۇ، سىناپ كۆرگۈسى كېلىپ، ئاۋۋال يىراقتىن قىچىپتۇ، مۈشۈك بۇنىڭغا
پىسەنت قىلماي تۇرۇۋېرىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئالدىدىن قېچىپ ئۆتۈپتۇ، مۈشۈكنىڭ قوغ-
لىمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، قايتىپ ئۇۋىسىغا كىرىپ، چاشقانلارغا ئەھۋالنى ئېيتىپ
بېرىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، چاشقانلار يەنە ئىشەنمەي، بىر ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.

ئەلچى چاشقان قورقۇپ، تىترەپ مۈشۈكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، گەپ قىلالماي قېچىشقا
تەمشىلىپتۇ. بۇنى بايقاپ تۇرغان مۈشۈك كۆزىنى ئاچماستىنلا ئۇنىڭغا:

— توختا، سەن قاچما، مەن ساڭا زىيان يەتكۈزمەيمەن، مەن بولسام قېرىدىم، ياش
چاغلىرىمدا سىلەرگە تولا زورلۇقلارنى قىلىپ، خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولدۇم. ھا-
زىر بولسا، ھەجگە بېرىپ قايتتىم، ئەمدى خۇدا ئالدىدا ئۆتمۈشتىكى گۇناھلىرىمغا تەۋبە
قىلىۋاتىمەن. سەن ھەممە چاشقانلارغا ئېيتقىن، ئۇلار قېشىمغا كەلسۇن، مەن ئۇلارنىڭ
بىرىنىڭ بالىسىنى، بىرىنىڭ ئانىسىنى، بىرىنىڭ ئاتىسىنى، بىرمۇنچىلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى-
نى ئۆلتۈرۈۋەتكەنمەن، مانا شۇ گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىماقچى-
مەن، — دەپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپتۇ.

ئەلچى چاشقان ئورنىدىن قوزغىلىپ، مېنى يەپ قويمىسىدى دېگەندەك گۇمان بىلەن
ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ، ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھەممە چاشقانلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

—نېمە ئىشكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۈشۈك ھەجگە بېرىپ قايتىپتۇ، گۇناھىغا تەۋبە قىلماقچى ئىكەن، ئۆتمۈشتە قىل-
غانلىرى ئۈچۈن بىزدىن ئەپۇ سورىماقچى ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىز بىلەن
دوست بولۇپ ياشىساق دەيدۇ، — دەپتۇ ئەلچى چاشقان.

شۇنداق بولسىمۇ، چاشقانلار يەنە سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن بىردىن ئىككىدىن چىقىپ،
سىناپ كۆرۈپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭ جەينامازلىرىنىڭ ئۈستىدىنمۇ ئۆتۈپ بېقىپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا
بىر شېتىلە چاشقان مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپمۇ قويۇپتۇ، ئەمما مۈشۈك تېخىچىلا
تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. كۆڭلى توختىغان چاشقانلار بىر - بىرىگە تەشۋىق قىلى-
شىپ، مۈشۈك بىلەن دوستلاشماقچى بولۇپ، ھەممىسى ئۇۋىسىدىن چىقىپ، مۈشۈكنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، جايىنامازنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، سەممىي سۆھبەتلىشىپتۇ.

ھەجدىن قايتقان مۈشۈك ئاۋۋال يىغلاپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقلىرىنى ئاپتۇ، كېيىن تەرەت
ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. چاشقانلار ئۇنىڭ نامىزىنى
كۆرۈشكە قىزىقىپ، قاراپ تۇرۇپتۇ. تەرەتكە چۆكۈن كۆتۈرگەن مۈشۈك ئاۋۋال بۇلۇڭغا
بېرىپ، بېشىدىكى سەللىسىنى يىرتىپ، تۆشۈكنى ئېتىپتۇ. ئاندىن قايتىپ، كۆزلىرى ئوتقا
ئوخشاش يانغان ھالدا، ھەممە چاشقانلارنى بىر باشتىن تۇتۇپ، بوغۇپ تاشلاپتۇ...



# ئاچ بۆرە



تاغ باغرىلىرىدا، دەريا بويلىرىدا ئۆسكەن ياپپېشىل ئوتلاقتا قوي ۋە باشقا هايۋانلار بىر - بىرى بىلەن ئويناقلىشىپ ئوتلاۋاتقاندا، بىر قوي ئايرىلىپ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا كۆشەپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. باشقا قويلار كۆزگە كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس يەرگە بېرىپ ئوتلاۋاتاتتى. ھېلىقى قوي بىغەم، ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ئۇخلىماقتا ئىدى. ئاڭغىچە كۈنگەي تەرەپتىن چىشلىرى ھىجايغان، چىرايى تۈرتەك، ئۆزى قوپال ئاچ قورساق بىر بۆرە كەلدى. غەمسىز چۈش كۆرۈپ ئۇخلاۋاتقان قوي چۈشلىرىنى بۇزۇپ، ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، بۆرىنى كۆردى. غەم - ئەندىشە، قايغۇ - ھەسرەتلەر قوينىڭ مېڭىسىنى قاپلاپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، بۆرە چىشلىرىنى بىلەپ، ئۆزىنى بەختلىك ساناپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ قويغا قاراپ:

— مەن ئۈچ كۈن بولدى ئاچ ياتقىلى، ناھايىتى غەزەپ بىلەن بۇ سەپەرگە چىققانىدىم، سېنىڭ ئەجىلىڭ مېنىڭ قولۇمدا ئىكەن. مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى رىزىقلىق ھېساب-

لمغانىدىم، ــ دەپ قويغا سۇركۇلۇپ قېشىغا كەلدى. قوي قانداق قىلىپ بۇنىڭدىن قۇ-
تۇلۇشنى ئويلاپ، ئارانلا تۆۋەندىكى ھيلىنى تاپتى:
ــ ھە، بۆرە ئاداش، سېنىڭ قورسىقىڭ ئاچ، مېنى يەيسەن، لېكىن سېنىڭدىن سو-
رايدىغان بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، شۇنى ماقۇل كۆرسەڭ، ــ دېدى.
ــ ئېيتقىن، ــ دېدى بۆرە.
ــ كىچىك ۋاقتىمدا ئانام ماڭا بىر ھۈنەر ئۆگىتىپ قويغان، بۇ ھۈنىرىمنى ھېچ-
كىمگە كۆرسەتمىگەنىدىم. شۇ ھۈنىرىمنى ساڭا بىر كۆرسىتىپ ئۆتەي، سېنىڭدىن باش-
قىلار ئۆگىنىۋالسا، مېنىڭمۇ دۇنيادا بىر تۆھپەم قالسا، ــ دېدى قوي.
بۆرە نەپسىنى بىرئاز توختىتىپ، قويغا قاراپ:
ــ سەنمۇ دۇنيادىن ئارماندا كەتمە، قېنى كۆرسەت ھۈنىرىڭنى، ــ دېدى. قوي
قورقۇش قىياپىتىدىن بىرئاز ئۆزىنى توختىتىپ:
ــ سەن مۇنۇ دۆڭگە چىقىپ داپ چېلىپ بەرسەڭ، مەن ئۇسسۇل ئويناىمەن، ــ
دېدى. بۆرە «خوپ بولىدۇ» دەپ قولىغا داپنى ئېلىپ، دۆڭگە قاراپ ماڭدى.
قوي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى چاپسانلىق بىلەن ئېگىسىنىڭ قېشىغا قاراپ
تىكىۋەتتى.
بۆرە دۆڭگە چىقىپ قوي قانداق تاماشا قىلار، دېگەن ئوي بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ
قاراپ، قوينىڭ قېچىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قولىدىكى داپ يەرگە چۈشتى-دە، ناھايە-
تى غەزەپ بىلەن ئىككىنچى ئالدانماسلىققا قەسەم ئىچىپ، باشقا بىر يايلاققا قاراپ، بىر
ئاز ماڭغاندا، بىر شىر بالىسىغا ئۇچراشتى.
بۆرە ناھايىتى غەزەپ بىلەن شىر بالىسىغا قاراپ:
ــ ئەي شۇمتەك، مەن بىر قېتىم ئالداندىم، ئىككىنچى قېتىم ئالدانمايمەن. ئور-
نۇڭدىن تەۋرىمەي تۇر، سېنى يەيمەن، ــ دەپ شىر بالىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.
شىر بالىسى ئۆزى كىچىك، تەجرىبىسىز بولسىمۇ، تۆۋەندىكى ھيلىنى ئېيتىشقا ئا-
رانلا ئۈلگۈردى.
ــ بۆرە ئاداش، قورسىقىڭ راسا ئېچىپتۇ، مېنى يېسەڭ ئاغرىنمايمەن. لېكىن بىر
پۈتۈمنى يەپ تويۇپ قالسەن، قالغان يەرلىرىمنى تاشلاپ كېتىسەن، مەن شۇنىڭغا ئەپ-
سۇسلىنىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن مۇنۇ تاغقا چىقىپ زىرە بىلەن پىياز تېرىپ كېلىپ،
گۆشۈمگە ئارىلاشتۇرۇپ يېسەڭ تولۇق يەپ بولىسەن، ئۈچ كۈنگە قەدەر قورسىقىڭ
ئاچمايدۇ، ــ دېدى.
بۆرە بىرئاز ئويلىنىپ:
ــ سەنمۇ راست ئېيتتىڭ، يەنە ئوۋ ئوۋلايمەن دەپ يۈرەرمەنمۇ، سەن تۇرۇپ
تۇرغىن، ــ دەپ زىرە بىلەن پىياز ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تاغقا قاراپ راۋان بولدى.

شر بالسى بۆرىنى ئالداپ، ئۆزىنىڭ ساق قالغانلىقىغا خۇش بولۇپ، ئۆز قوتىنىغا قاراپ قېچىپ كەتتى.

بۆرە تاغدىن زىرە بىلەن پىياز تېرىپ كېلىپ: «ئەمدى راسا تويىدىغان بولدۇم» دەپ پەسكە چۈشتى-دە، شىر بالسىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھايىتى غەزەپ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم ئالدانماسلىققا قەسەمياد قىلىپ، يۈرۈپ كەتتى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر قېچىرغا ئۇچرىدى.

بۆرە قېچىرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھەي قېچىر، مەن ئىككى قېتىم ئالداندىم، ئۈچىنچى قېتىم ئالدانمايمەن، سېنى يەيمەن، — دېدى. قېچىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ:

— مەن ئۆمرۈمدە سېنىڭدەك زېدە پەس بۆرىنى كۆرمىگەنىدىم. بۇ كەڭ يايلاقتا شۇنچە ياش ھايۋانلار تۇرسا، مەندەك بىر قېرى قېچىرنى يەيمەن دېگىنىڭ ئاجايىپ بىر ئىش. مەن دۇنيادا سېنىڭدەك ئۇششۇق ھايۋاننى كۆرمىدىم، — دېدى.

بۆرە نېمە قىلىشنى ئويلاپ، يەرگە قاراپ تۇرغاندا، قېچىر كەينىگە بۇرۇلۇپلا تېكىۋەتتى. بۆرە غەزەپ بىلەن يەنە بىرئاز مېڭىپ ئېگىز تاغدىن ئۆتكىنىنى سەزمەستىن، باشقا بىر يايلاققا كېلىپ، بىر ئارغىماقنى كۆردى. خۇشاللىقىدىن ناھايىتى ئالدىراپ ئاتقا قاراپ:

— ھەي ئات، مېنىڭ غەزەپلىك سەپىرىمگە ئۇچراشتىڭ، ئورنۇڭدا تەۋرىمەي تۇر، مەن سېنى يەيمەن، — دېدى.

ئارغىماق بۆرىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— بۆرە ئاداش، مەن سېنى ئىزدەپ يۈرگىلى ئىككى يىل بولدى. ئانام مېنى تۇغۇپلا، ئارقا پۇتۇمغا خەت يېزىپ: «سېنى يەيمەن دەپ، بىر بۆرە كېلىدۇ، ئۇ موللا بۆرە بولۇپ، بۇ خەتنى شۇ بۆرە ئوقۇپ بېرىدۇ. ئۇ موللا بۆرىدىن باشقا بۆرە ئوقۇلمايدۇ» دەپ تاپشۇرغانىدى. سېنى ئەمدى تاپتىم. سەن شۇ خەتنى ئوقۇپ بەرسەڭ، قۇلىقىم ئاڭلىسا مۇرادىم ھاسىل بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەن مېنى خالىغىنىڭچە يېسەڭمۇ رازى بولىمەن، — دېدى.

بۆرە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ «ئەمدى قورسىقىمنى راسا تويغۇزىدىغان بولدۇم» دېگەن خىيالنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، خۇشاللىق بىلەن:

— خوپ بولىدۇ، سەنمۇ مۇرادىڭغا يېتىۋال، خەت قايسى پۇتۇڭغا يېزىلغان؟— دەپ سورىدى.

— مانا، مۇشۇ پۇتۇمغا، — دەپ ئوڭ تەرەپ ئارقا پۇتىنى كۆتۈردى ئارغىماق.

بۆرە ئارغىماقنىڭ پۇتىغا دىققەت بىلەن قاراپ:

— پۇتۇڭدا خەت يوق، — دېدى.



ئات ئۆز هيلسىنى ۋايىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن:

— مەن سىنى ئۈزۈندىن بىرى چۆل - باياۋانلاردىن كىزىپ ئىزدەپ يۈردۈم. تاغ - دەريالاردىن ئۆتتۈم. شۇنچىلىك نۇرغۇن يەرلەرنى كىزىپ چىققىچە، ئەلۋەتتە، بۇ پۇتۇمغا لايلار چاپلىشىپ قالغاندۇر. سەن ئوبدان يالاپ كۆرسەڭ، ئاشكارا كۆرۈنىدۇ، — دىدى.

بۆرە بۇ چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلاپ، ئارغىماقنىڭ پۇتىنى راسا يالاشقا باشلىدى.

ئارغىماق بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىپ، بۆرىنىڭ يالىشى راسا قىزدغاندا، بارلىق كۈچىنى يىغىپ بۆرىنىڭ تۇمشۇقىغا تازا كەلتۈرۈپ بىرنى تەپتى. بۆرىنىڭ كۆزىدە ئوت چىقىلىپ، چىشلىرى چۈشۈپ كەتتى، بۇ ئىشقا ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ئاغزىدىن قانلار ئاققان ھالدا مۈكچىيىپ دۆڭلۈكتە ئولتۇرۇپ، ئارغىماققا قاراپ:

— تەۋەككۈل قىلدىم-دە، مۇقەددەم ئۈچرىدى بىر قوي،
ماڭا كىم قويىدى ناغرا - كاناي بىلەن توي.
قەھرىلىك غەزىپىمگە ئۈچراشتى شىر بالىسى،
ئوخشىتىپ بەردى ماڭا زىرە بىلەن پىيازنى.
غەزەپ قىلدىم، يەنە چەندان قىچىر ئۈچرىدى بىرىيەردە،
ئويلانغىنىم نىمە قىلىق، مەن بۆرىگە ئۇ يەردە؟
ناھايەت قىلدىم غەزەپ، يولۇقتى بىر دانە ئات،
تۇۋاق يالساڭ ئەۋلادىم، خامۇش بولۇپ خاكدا يات!

دەپ سۆزىنى ئاران تەسلىكتە ئاياغلاشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ جان تەسلىم قىلدى.

# ماختانچاق پاشىلار



بىر كۈنى، يىلنىڭ باھار پەسلى ئۆتۈپ، ياز باشلانغان چاغدا، پۈتۈن بىر دالىنىڭ ئۈستىنى قاپلاپ ناھايىتى نۇرغۇن پاشىلار ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇلار شۇنداق ۋەھىمىلىك بىلەن گىڭىلدىشىپ ئۆتۈپتۇكى، ھەتتا چىغلىقتا سەكرەپ - ئوينىشىپ يۈرگەن ئىككى توشقان بالىسى قورققىنىدىن بىر تۈپ چىغنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇ توشقان بالىلىرى چىغ تۈۋىدە قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قاراپ تۇرسا، كېتىپ بارغان پاشىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاخىرى كۆرۈنمىگۈدەك. بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن: «ئەجەپ، بۇ مىتىلەر بۇنچە ۋەھىمە بىلەن نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىپ بارىدىكىن ياكى بىرەر ئاپەت باشلىنىپ قالدىمىكىن؟ ئۇنداق بولغان تەقدىردە ۋاقتىنى كېچىكتۈرمەستىن، بەلكى بىزگىمۇ قېچىشقا توغرا كېلەر» دەپ ئويلاپتۇ ۋە پاشىلارنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى، نەگە ۋە نېمىشقا كېتىپ بارغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ:

— ھەي مىتىلەر! بۇنچە ۋەھىمە بىلەن نەگە ۋە نېمىشقا كېتىپ بارىسىلەر؟— دەپ سوراپتۇ.

— سلەردەك قورقۇنچاقلارغا ئوخشاش، ئۆمرىمىزنى چىغ تۆۋىدە ئۆتكۈزەتتۇقمۇ؟! بىز شەھەر ئالغىلى، «پاك - پاك شەھىرى»گە جەڭگە كېتىپ بارىمىز، — دەپ ماختىنىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ پاشىلار. ئۇلار ئاھالە ياشايدىغان جايلارنى «پاك - پاك شەھىرى» دەپ ئاتايدىكەن، چۈنكى پاشىلار كىشىلەرنىڭ قېنىنى شوراش ئۈچۈن يېزىلىرىگە، قۇلاقلىرىغا، قوللىرىغا ۋە باشقا ئوچۇق جايلىرىغا قونغان چاغدا، ئۇلارنى «پاك - پاك» قىلىپ ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ئەمەسمۇ!

پاشىلار بىر - بىرلىرىگە يېتىشىپ، يېزىنىڭ ئەتراپلىرىدىكى ئوتلۇق - قومۇشلۇقلارغا جايلىشىپتۇ. ئۇلار كۈندۈزلىرى قومۇش ۋە شىۋاقلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۈلىرىنى شورايدىكەن. شامال چىقىپ قالغان چاغلاردا، شىۋاقلارغا ۋە قومۇشلارغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاران تۇرغىنىغا قارىماي: «ھەي، قويىۋۋېتەمۇ؟ ئەگەر قويۇۋېتىدىغان بولسام، ھازىر يىلتىز - پىلتىزىڭ بىلەن شامال يۇلۇپ كېتىدۇ» دەپ ئۇلارنى يالۋۇرۇتىدىكەن. شامال توختىغاندىن كېيىن: «ئەگەر بىز بولمىغان بولساق ھەممىڭلارنى قالدۇرماي شامال يۇلۇپ كېتەتتى-دە» دەپ ماختىنىشىدىكەن. كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن: «ئەتىدىن كەچكىچە كوكاتلارنىڭ ئاق سۈيىنى شوراپ زېرىكىپ كەتتۇق، ئەمدى ‹پاك - پاك شەھىرى›گە بېرىپ كىشىلەرنىڭ قىزىل سۈيىدىنمۇ ئازراق ئىچىپ كېلەيلى» دەپ پادىنى ئەگىشىپ يېزىلارغا كىرىدىكەن. بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ شاپىلاقلىرىنىڭ ئاستىدا قېلىپ كۆپچىلىكى قىرىلىپ كېتىدىكەن.

ئۇ پاشىلار ھەر كۈنى شۇنداق قىرىلىپ - قىرىلىپ كۈزگىچە تەڭدىن تولىسىدىن ئايرىلىپتۇ-دە، قايتىپتۇ. قايتىپ كېتىپ بارغاندا ھېلىقى ئىككى توشقان بالىسى يەنە ئۇچراپ قاپتۇ. ئەمدى بۇلار ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ قالغانىكەن. ئۇلار قايتىپ كېلىۋاتقان پاشىلارنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ:

— ھە، پاشىلار، ئۇياققا كېتىپ بارغىنىڭلاردا ناھايىتى كۆپ ئىدىڭلار، ھازىر ناھايىتى ئاز قايتىپ كېلىۋاتىسىلەرغۇ، قالغانلىرىڭلار قېنى؟— دەپ سوراپتۇ.

— «پاك - پاك شەھىرى»نى ئالغاندۇق، يېرىمىمىز شۇ يەردە تەرتىپ ساقلاپ قالدى، بىز بولساق كۆپ جەڭلەردە يۈرۈپ ھاردۇق، ئەمدى دەم ئالغىلى ئۆز يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىپ بارىمىز، — دەپ ماختىنىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.



# هاكاۋۇر ئېشەك

ئېشەك بىلەن كالا بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئېشەك ئىتتىك مېڭىپ، پات - پات ئارام ئېلىشقا، كالا سالماق قەدەم بىلەن بىر خىل مېڭىپ ئۆزىنى هارغۇزماي يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە خۇشتار ئىكەن. ئېشەك يول يۈرۈش داۋامىدا كالىنىڭ ئالدىرىماي مېڭىشىدىن زېرىكىپتۇ-دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ مېڭىشتا مۇسابىقىلىشىشنى ئېيتىپتۇ. كالا مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتا ئېشەكتىن يېڭىلىپ قېلىشنى نومۇس بىلىپ، بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ، مۇسابىقە باشلىنىش بىلەنلا ئېشەك چىشلىرىنى هىڭگايتقان، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقان هالدا جان - جەهلى بىلەن چېپىشقا باشلاپتۇ. ئېشەك هەش - پەش دېگۈچە كالىنى خېلىلا كەينىدە قالدۇرۇپ ئۇزاپ كېتىپتۇ. ئارقىدا قېپقالغان كالا بولسا هېچقانداق مەيۈسلەنمەستىن سالماق قەدەمدە يولنى يۈرۈۋېرىپتۇ.

ئېشەك شۇ چاپقانچە بىرمۇنچە يول باسقاندىن كېيىن هېرىپ، تەرلەپ كېتىپتۇ. ئۇ كەينىگە قاراپ كالىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن: «مۇشۇ يەردە يېتىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالاي. كالا كەلگەندە يەنە چاپسام ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەلەيمەن ۋە مەنزىلگە يەنىلا ئۇنىڭدىن بالدۇر يېتىپ بارالايمەن، كالا دېگەن مېنىڭ ئالدىمدا نېمىدى؟!» دەپ ئويلاپتۇ. بىرهازادىن كېيىن كالا ئېشەكنىڭ ياتقان يېرىگە يېتىپ كەپتۇ:



— قوپ ئاداش، يول ماڭمىز. بولمىسا ئۇخلاپ قالىسەن، — دەپتۇ كالا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

ئېشەك بۇ گەپكە پىسەنت قىلماپتۇ-دە، شۇ ياتقىنىچە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئۇزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىر بۆرە ئېشەكنىڭ ياتقان يېرىگە كەپقاپتۇ ۋە ئۇخلاۋاتقان ئېشەككە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەززىلىك ئوزۇقىغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

كالا تىرىشچانلىق ۋە بىر خىل سالماق قەدەم بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىپتۇ.

# يولۋاس بىلەن توشقان

ئاۋۋىلىسىنىڭ ئاۋۋىلىسىدا، زامانلارنىڭ زامانىسىدا، زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ ئىكەن. يولۋاس سوراقچىكەن، بۆرە قاراقچىكەن، تۈلكە يالاقچىكەن.

شۇ زامانلارنىڭ بىر جاڭگىلىدا يولۋاس پادىشاھ ئالدىغا ئۇچرىغان ھايۋاناتلارنى يەپ، جاڭگالغا ئەندىشە سېلىۋەرگەندىن كېيىن، ھايۋاناتلار مەسلىھەتكە كېلىپ، يولۋاسنىڭ ئالدىغا ۋەكىل ئەۋەتىپتۇ.

— جانابى پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەكىل توققۇز تەزىم بىلەن، — بىز جاڭگالدىكى بارلىق ھايۋاناتلار جانابلىرىنى ئاۋارە بولمىسۇن دەپ، ھەر كۈنى ئۆزىمىز ئالدىلىرىغا نۆۋەت بىلەن كېلىپ تاماق بولساق دېگەن مەسلىھەتكە كەلدۇق، جانابلىرىنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆتۈپ قويۇش ئۈچۈن مەن ۋەكىل بولۇپ كەلدىم.

بۇ مەسلىھەت يولۋاسقا مايدەك يېقىپتۇ. ۋەدە بويىچە ھايۋان، جانىۋارلار ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن كېلىپ، يولۋاسقا تاماق بولۇپ تۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۆۋەت بىر توكۇر توشقانغا كەپتۇ. توشقان كۆڭلىگە بىر ئوي پۈكۈپتۇ-دە، يولۋاسنىڭ ئالدىغا كېچىكىپرەك كەپتۇ.

— نېمىشقا ۋاق قالدىڭ ئاۋاق؟— دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ يولۋاس.

— كەچۈرسىلە پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ توشقان، — جانابلىرىنى مۇنچىۋالا ساقلىتىپ قويۇشقا جېنىم ئون ئەمەس. جانابلىرى ئېيتقاندەك ئاۋاق بولغانلىقىم ئۈچۈن، ھۇزۇرلىرىغا يالغۇز كېلىشكە خىجالەت بولۇپ، بىر تۇغقىنىمنى بىللە ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم. يولدا ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر يولۋاس ئالدىمىزنى توساپ، تۇغقىنىمنى تۇتۇۋالدى، مېنىڭ بىر پۇتۇمنى ناكار قىلدى. شۇنىڭ ھەلەكچىلىكىدە كېچىكىپ قالدىم.

يولۋاس بۇنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— كىم ئىكەن ئۇ مېنىڭ رىزقىمغا چاڭگال سالىدىغان، يۈرە، مېنى شۇنىڭ قېشىغا باشلاپ ئاپارغىن!— دەپتۇ-دە، توشقاننى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. يولۋاسنىڭ بۇ پەيلى توشقاننىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەقسىتىگە بەك ئەپ كەپتۇ-دە، يولۋاسنى بىر قۇدۇقنىڭ قېشىغا باشلاپ ئەكەپتۇ.

— مانا تەقسىر، مۇشۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. ئەنە تۇرىدۇ ئۆزى، يېنىدا ھېلىقى تۇغقىنىممۇ بار، تېخى ماڭىمۇ ئېتىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپ قۇدۇقنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپتۇ توشقان.

يولۋاس قۇدۇق ئىچىگە قاراپ، ئۆزى بىلەن توشقاننىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن تەرىنى تۈرۈپ چىشلىرىنى ھەڭگايتقان ئىكەن، قۇدۇقتىكى شولىسىمۇ شۇنداق قىپتۇ، بۇ ئەھۋالغا چىدالمىغان يولۋاس ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆزىنى بىر ئېتىپتۇ-دە، قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تىك موللاق چۈشۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ توكۇر توشقاننىڭ تاپقان ئامالى بىلەن جاڭگالدىكى باشقا جان-جانىۋارلارمۇ يولۋاستىن قۇتۇلۇپتۇ.

# پاقا بىلەن چاشقان

بىر كۆلدە بىر پاقا بار ئىكەن، كۆل يېنىدىكى ئەسكى تامنىڭ تېگىدە بىر قېرى چاشقان ياشايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پاقا كۆل بويىغا چىقىپ، ئۆزىنى ئاپتاپقا قاقلاپ، پاشا، چىۋىن، كۇمۇتا تۇتۇپ يەپ ئولتۇرسا، چاشقان كامىرىدىن چىقىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پاقجان، نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟— دەپتۇ.

— ۋاي چاشقانباي، نېمە قىلىپ يۈرەتتىم، ئاتامنىڭ كەسپىنى قىلىۋاتىمەن.

— بەللى! راسا ئەخمەق نېمىسەن-دە!— دەپتۇ چاشقان پاقىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ، — شۇمۇ كەسىپ بولدىمۇ، «تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارغاندەك»، شۇنچىۋالا بويۇك بىلەن قوۋۇزۇك تولغۇدەك بىر نەرسە كۆرمەي، جاپا تارتقىنىڭ نېمىسى؟ مانا قارا، مۇشۇ ئېتىزلاردىكى جىمى بۇغداي ماڭا قارايدۇ.



— بۇ بۇغدايلار دېھقانىنىڭ ئەمەسمىدى، — دەپتۇ پاقا ئۇنىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ، — قانداق قىلىپ ساڭا قارايدىغان بولۇپ قالدى؟

— ھەي ئەخمەق، — دەپتۇ چاشقان، — دېھقان بۇغداينى ھەمىشە ساقلاپ ياتاتتىمۇ؟ ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيمۇئۆي كىرىپ، ياخشى نەرسىلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆردۈمەن، ياز بويى ئېتىزدىن ئاشلىق توشۇيمەن، قىشچە ئۇڭدا يېتىپ يەيمەن.

— ياق چاشقانباي، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، پاشا - چىۋىنلىرىم كىچىك بولسىمۇ، ھالال ئەمگەك بىلەن كۈن كەچۈرگىنىم ياخشى!— دەپتۇ پاقا.

چاشقان تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ:

— ئەخمەق، مۇشۇ كۆلدىن نېرى بارماي يۈرگەچكە، ھېچ نەرسىنى بىلمەيسەن، مېنىڭ كەينىمگە كىرسەڭ، نى - نى ئايۋان - سارايلارغا باشلاپ بېرىپ، نەچچە يىل يېتىپ يېسەڭ تۈگىمىگۈدەك پاشا - چىۋىنىنىڭ ئۇۋىسىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپتۇ.

— ئاق كۆڭۈل، ساددا پاقا: «مەيلى، چاشقان دېگەن كۆپنى كۆرگەن نەرسە» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق دوست بولۇپتۇ، كېيىنچە چاشقاننى ئۇستاز تۇتۇپ تەلىم ئالىدىغان بوپتۇ. چاشقان پاقىغا يول كۆرسىتىپ ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە، ئاشلىق ساڭلىرىغا ئېلىپ كىرىپتۇ، كىرمىگەن ئۆيى، ئاتلىمىغان بوسۇغىسى قالماپتۇ.



ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايلىرى باشقا - باشقا بولغاچقا، بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشالمايدىغان كۈنلىرىمۇ بولىدىكەن.

— دوستۇم پاقىجان، — دەپتۇ چاشقان بىر كۈنى، — مەن سېنى بىردەم كۆرمىسەم تۇرالمايمەن، سەنمۇ مېنى بىردەم كۆرمىسەڭ چىدىيالمايسەن، بىر - بىرىمىزنى ئوڭاي تېپىش ئۈچۈن، مەن بىر غالتەك يىپ ئەكېلەي، بىر ئۇچىنى سەن پۇتۇڭغا باغلىغىن، بىر ئۇچىنى مەن پۇتۇمغا باغلاي، قاچان بىر - بىرىمىزنى كۆرگىمىز كەلسە، يىپنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تېپىشايلى.

بۇ مەسلىھەت پاقىغىمۇ ماقۇل كەپتۇ. چاشقان كامىرىدا يېتىپ: «پاقا بىلەن دوست بولغىنىم ياخشى بولدى. ۋاقتانى ۋاق كېلىپ، مېنى ئاشلىق ئوغرىلايدۇ دەپ تۇتۇۋالغۇدەك بولسا، پاقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن-دە، پۇتۇمدىكى يىپنىڭ ئۇچىنى قىرقىۋېتىپ، كامىرىمغا مۆكۈۋالىمەن. ئۇ چاغدا يىپنى بويلاپ بېرىپ پاقىنى تۇتۇۋالىدۇ» دەپ ئويلاپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بوپتۇ.

بىر كۈنى چاشقان كامىرىدىن چىقىپ، بۇغداي ئېتىزىغا بېرىپ، «زەپ ئوخشاپتۇ بۇ ئاشلىقلار» دەپ كۆزىگە قان تولۇپ، دېھقانىنىڭ باغلاپ قويغان بۇغداي باغلىرىغا ئېتىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئەسكى تامدا ئولتۇرغان قارىغا ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىپ، چاشقاننى ئالغان پېتى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قاغا يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى، چاشقاننىڭ پۇتىغا چىگىلگەن يىپنىڭ ئىككىنچى ئۇچىدىكى پاقىمۇ كۆلدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، مۇئەللەق ئېسىلىپ مېڭىپتۇ. ئاسماندا مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇرغان پاقا يەردە قارىشىپ تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ:

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەن شۇ، ئاتا - بوۋامنىڭ بۇ ھېكمەتلىك گېپىنى ئاڭلىماي، مەككار چاشقان بىلەن دوست بولغانىنىڭ جازىسىنى تارتتىم!— دەپ نالە قىلىپ ۋارقىراپتۇ..



# تۆلكنڭ ئۆلۈمى

بۇرۇنقى زاماندا مۇنداق بر ۋەقە بولغانكەن. بر چاشقان ئۇۋسدن چقپ ئەتراپنى سەيلە قلپ يۈرسە، توساتتن هاۋا گۆلدۈرلەپ، چاقماق چېقپ، مۆلدۈر يېغپ كېتپتۇ. چاشقان قېچپ كېتۋېتپ مۈشۈككە يولۇقۇپ قاپتۇ. مۈشۈك چاشقاننڭ هالغا يەتمەك بولۇپ، سوراپتۇ:

— ۋاي ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟

— يېغى كەلدى، يېغى كەلدى،

ترىك ئۆلەر چېغى كەلدى.

قاچايلى، تېز قاچايلى، — دەپتۇ چاشقان، مۈشۈك شۇ هامان چاشقانغا قوشۇلۇپ قېچپتۇ. چاشقان بلەن مۈشۈك قېچپ بر يەرگە كەلگەندە، ئتقا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئت سوراپتۇ.

— ۋاي مۈشۈك ئاداش نېمە بولدۇڭ؟

— چاشقان ئاداشتن سورا، — دەپتۇ مۈشۈك.

— چاشقان ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟

— يېغى كەلدى، يېغى كەلدى،

ترىك ئۆلەر چېغى كەلدى.

قاچايلى، تېز قاچايلى، — دەپتۇ چاشقان. ئتمۇ دەرهال چاشقان بلەن مۈشۈككە قوشۇلۇپ قېچپتۇ. چاشقان، مۈشۈك، ئت كۆپ ماڭمايلا تۆلكگە يولۇقۇپ قاپتۇ. تۆلكە ئۇلاردىن نېمە ۋەقە بولغانلقنى سورىغانكەن. چاشقان يەنە هېلقى سۆزنى تەكرارلاپتۇ. تۆلكە ئۇن چقارماي چاشقان، مۈشۈك، ئتقا ئەگشپ قېچپتۇ. ئۇلار شۇنداق قېچپ كېتۋېتپ بۆرىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. بۆرە نېمە ئش بولغانلقنى سورىغانكەن، چاشقان يەنە هېلقى سۆزنى تەكرارلاپتۇ. بۆرىمۇ چاشقان، مۈشۈك، ئت، تۆلكلەرگە قوشۇلۇپ قېچپتۇ. ئۇلارنڭ توپى بارغانسېرى ئۇلغىيپتۇ. ئۇلار ئالدى - كەينگە قارماي كېتۋېتپ، ئېيىق باتۇرغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئېيىق بر - برگە ئۆچ بۇ نېملەرنڭ جەم بولۇپ قالغانلقغا هەيران بولۇپ، نېمە ئش بولغانلقنى سورىغانكەن، چاشقان يەنە هېلقى سۆزنى تەكرارلاپتۇ. هېچنېمدن قورقمايدىغان ئېيىق ئۇلارغا قوشۇلۇپ قېچپتۇ. ئۇلار ئانچە ماڭمايلا يولۋاسقا يولۇقۇپ قاپتۇ. يولۋاسمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ قېچپتۇ. ئۇلار قورقۇپ كەتكەچكە مۆلدۈر توختاپ كۈن ئېچلپ كەتكەن بولسمۇ،

ئارقىغا قارىماي قېچىپتۇ. ئۇلار دەريا كېچىپ، تاغ ئېشىپ ھېرىپ ـ ئېچىپ ھەممىسىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاي دېگەندە، بىر ئۆڭكۈرگە يولۇقۇپتۇ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولسىمۇ ئىچى كەڭ ئىكەن. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئارام ئاپتۇ. ئۇلار-نىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندىن كېيىن، قورسىقى ئېچىشقا باشلاپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچـ-ـدە ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرنېمە يوق ئىكەن، تۈلكە قۇيرۇقىنى چۆرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز،
ئېيىق بىزنىڭ ئىگىمىز،
بۆرە بىزنىڭ ئاكىمىز،
ئىت بىزنىڭ ئىگىمىز،
مۈشۈك بىزنىڭ نېمىمىز؟



ھازىر بېسىپ يەيلى بىز، — دەپ مۈشۈكنى يەپ قويۇپتۇ، مۈشۈك ئاچ كۆز تۈل-كىگە بىر ۋاقلىقمۇ بولماپتۇ، قورسىقى يەنە ئېچىپتۇ. ئۇ تىلنى چىقىرىپ، ئوتتۇرىغا چۈ-شۈپ:

— يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز،
ئېيىق بىزنىڭ ئانىمىز،
بۆرە بىزنىڭ ئاكىمىز،
ئىت بىزنىڭ نېمىمىز؟

ھازىر بېسىپ يەيلى بىز، — دەپ ئېچقاپ كەتكەن ئىتقا بىر ئېسىلىپ، بوغۇپ يەپ قويۇپتۇ، يولۋاس، ئېيىق، بۆرىلەرگە بىرەر چىشلەممۇ بېرىپ قويماپتۇ، بۆرە تۈلكىنىڭ چېغى چاغلىققۇ دەپ ئويلاپ، تۇرۇۋېرىپتۇ، تۈلكىنىڭ قورسىقى يەنە ئاچقاندا بىر سەك-رەپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى تەرەپكە ئۆتۈپ:

— يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز،
ئېيىق بىزنىڭ ئانىمىز،
بۆرە بىزنىڭ نېمىمىز؟

ھازىر بېسىپ يەيلى بىز، — دەپ بىر سەكرەپ بېرىپ، بۆرىنىڭ كانىيىدىن ئېلىپ بوغۇپتۇ. تۈلكە ئېچىرقاپ كەتكەن ئېيىققا بىر قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ قورسىقىنى بۆرى-نىڭ گۆشى بىلەن راسا تويغۇزۇۋاپتۇ، يولۋاس بىلەن ئېيىقنىڭ قورسىقى ئېچىپ، تارتى-شىپ كېتىپتۇ. تۈلكىگە:

يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز،
ئېيىق بىزنىڭ ئانىمىز.
ئۆڭكۈر بىزنىڭ ئۆيىمىز،
يېغى ئۆتۈپ كەتكۈچە.

مدىرلىماي ياتىمىز، — دەپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى توسۇپ يېتىپتۇ. يېغىمۇ كەلمەپتۇ. يولۋاس بىلەن ئېيىق تۈلكە راست ئېيتىدۇ، دەپ ئىشىنىپ مدىرلىماپتۇ. بىر چاغدا تۈلكىنىڭ قورسقى يەنە ئېچىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن بىر كېرىلىپ قويۇپ:

يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز،
ئېيىق بىزنىڭ نېمىمىز،
مدىرلىماي تۇرسۇن ئۇ،
هازىر بېسىپ يەيلى بىز،

— دەپ ئېيىقنى بېسۋاپتۇ. ئاچ قورساق ئېيىق مدىرلىيالماپتۇ. تۈلكە ئۆزىنىڭ هۈنىرىنى ئىشلىتىپ يۈرۈپ، ئېيىقنىمۇ ئۆلتۈرۈپ يەپ تۈگىتىپتۇ. ئۆڭكۈردە يولۋاس بىلەن تۈلكىلا قاپتۇ، نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزگەن يولۋاس تۈلكىنى گەۋدىسى بىلەن بىر ئۇرۇپ يىقىتىپلا ئۆڭكۈردىن چىقىپ قېچىپتۇ. تۈلكە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يولۋاسنى قوغلاپتۇ، تۈلكە يولۋاسنى قوغلاپ، كۆپ ئۆتمەيلا يول بويىغا قۇرۇپ قويۇلغان قاپقانغا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ، يولۋاس شۇ قاچقانچە بىر قىلىن جاڭگاللىق ئىچىگە كىرىپ خۇداغا شۈكۈر قىپتۇ.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغانلار «كىم باشقىلارغا ئورا كولىسا، ئورىغا ئۆزى چۈشەر» دېگەن راست گەپ ئىكەن، دېيىشىپتۇ.





# تۆلكىنىڭ ئامالى

بىر ئورمانلىقتا يولۋاس پادىشاھ، ئېيىق قازى، بۆرە ھاكىم ئىكەن. ئۇلار ئىنتايىن زالىم ئىكەن. باشقا ھايۋانلار ئۇلارغا ئۆچ ئىكەن.

بىر كۈنى بۆرە ھاكىم تۆلكىنىڭ ئىنىسىغا چۈشلۈك تاماقنى ئۈچۈن بىر قوزا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. تۆلكە بۇنى ئورۇنلىيالماپتۇ. غەزەپلەنگەن بۆرە ھاكىم ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ. تۆلكە ئىنىسىغا ئىچىنىپ، بۆرە ھاكىمدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ.

بىر كۈنى تۆلكە بۆرە ھاكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— مەرھەمەتلىك ئۇلۇغ ھاكىم، قېرىندىشىم ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلىيالماي زىندانغا چۈشۈپ قاپتۇ. قوزىنى ئىنىم ئورنىدا مەن تەييار قىلدىم. ئىنىمنى قويۇپ بەرسىلىكەن، — دەپتۇ. بۆرە ھاكىم:

— قوزىچاق قېنى؟— دەپ سوراپتۇ.

— كۈن پېتىشى بىلەن ئۆيۈمگە كېلىپ نېسىۋىلىرىنى يەپ كېتەرلا، — دەپتۇ تۆلكە.

— قوزىچاقنى يەپ بولۇپ، ئىنىڭنى قويۇپ بېرەي، — دەپتۇ بۆرە ھاكىم. تۆلكە بۆرىنىڭ قېشىدىن چىقىپ ئېيىق قازىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— شەرىئەتنىڭ ئادىل قازىسى، سىلىنىڭ كەچلىكلىرى ئۈچۈن بىر موزاي تەييارلاپ قويدۇم، كۈن پېتىشى بىلەن ئۆيۈمگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېتەرلە. بۆرە ھاكىمدىن ئىنىمنىڭ گۇناھىنى تىلەپ بېرەرلا، — دەپتۇ.

تۆلكە بۇ يەردىن چىقىپ يولۋاس پادىشاھ ھۇزۇرىغا كەپتۇ ۋە توققۇز تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— كۈن پېتىشى بىلەن ھۇزۇرۇمغا بېرىپ مېھمان بولۇپ كېتەرلا، سىزمىز بىر تايىنى ئۆزلىرىگە خاس تەييارلىدىم. بۆرە ھاكىم ئىنىمنى زىندانغا سالغانىدى، قۇتۇلدۇرۇپ بەرسىكەن، دېگەن ئۆتۈنۈشتىمەن، — دەپتۇ.

يولۋاس پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال ئىككى ياساۋۇلنى زىندانغا ئەۋەتىپ، تۆلكىنىڭ ئىنىسىنى زىنداندىن ئازاد قىلىپتۇ.

تۆلكە ئۆيگە قايتىپ ئۈچ قەۋەتلىك كات ياساپتۇ. ئىنىسىغا يولۋاس كەلگەندىن كېيىن ئىشىكنى ئۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. كۈن پېتىشى بىلەن بىرىنچى بولۇپ بۆرە كەپتۇ، تۆلكە مېھماننى ئۆيگە باشلاپ، قوزىنى ئېلىپ كىرەي، دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئۇرۇلۇپتۇ. بۆرە

سۇرۇشتۇرۇپ، ئېيىقنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ۋە قوزا تۇرماق ئۆزىنىڭمۇ ساق قالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، تۈلكىدىن ئۆزىنى يوشۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. تۈلكە بۆردىگە كاتىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەت ئىشكىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. بۆرە ئىچىگە كىرىشى بىلەن ئىشكىنى قۇلۇپلاپتۇ. ئاندىن ئېيىقنى ئۆيگە باشلاپ، موزايىنى ئېلىپ كىرمەكچى بولۇپ مېڭىشىغا يولۋاس كەپتۇ. يولۋاسنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان ئېيىق موزاي تۇرماق ئۆزىنىڭ تۈگىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، تۈلكىدىن يوشۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. تۈلكە كاتىنىڭ ئىككىنچى قەۋەت ئىشكىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. ئېيىق كىرىشى بىلەن كاتىنىڭ ئىشكىنى قۇلۇپلاپتۇ. ئاندىن يولۋاس پادىشاھنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزغاندا، ئىشىك يەنە ئۇرۇلۇپتۇ. تۈلكە ئىشىككە چىقىپ كىرىپلا:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم! ئىككى شىر ئاغىنەم كەپتۇ، — دەپتۇ.

يولۋاس ئىككى شىرغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ تۈلكىدىن ئۆزىنى يوشۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. تۈلكە بۇ قېتىم كاتىنىڭ تۆۋەنكى قەۋەت ئىشكىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. يولۋاس كاتقا كىرگەندىن كېيىن، ئىشكىنى قۇلۇپلاپتۇ. ئاندىن ئاكا - ئىنى تۈلكىلەر ئۆيگە ئوت قويۇپ، ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئورمانلىقتىكى ھايۋانلار زالىملاردىن قۇتۇلۇپتۇ.



# يولۇچى بىلەن بۆرە

بىر يولۇچى يول ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماقنى يەۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئورمانلىقتىن بىر بۆرە چىقىپ، يولۇچىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ سورىدى:

— نېمە يەۋاتىسەن قېرىنداش؟

— نان.

— ماڭىمۇ بىر پارچە بەرگىنە!

يولۇچى ناندىن بىر پارچە كېسىپ، بۆرىگە تاشلاپ بەردى. بۆرە ناننى يەۋەتتى ۋە ئاغزى - بۇرنىنى يالىۋەتكەندىن كېيىن سۆزلىدى:

— ئادەملەرنىڭ نېنى نېمىدېگەن تاتلىق-ھە! مەنمۇ ھەر كۈنى مۇشۇنداق نان ئې-تىپ يېيىشنى بىلسەم نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!

يولۇچى جاۋاب بەردى:

— ئاۋۋال بۇغداي تېرىغىن، ئاندىن بىزگە ئوخشاش ئىشلەپ نان يېقىپ يە!

— راستىما؟ يولۇچى قېرىنداش، سەن ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ، بۇغداي نان يې-قىشنى ئۆگىتىپ قويغىنا!

يولۇچى بۆرىگە بۇغداي نان يېقىشنى ئۆگىتىشكە باشلىدى.

— ئاۋۋال يەرنى شۇدىگەر قىلىش كېرەك...

— نان شۇ يەردىلا ھاسىل بولامدۇ؟

— نېمە دەپ يۈرۈيسەن! بۇ، ئۇنداق چاپسان پۈتىدىغان ئىش ئەمەس. يەرنى شۇدىگەر قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ناننىڭ ئۇرۇقىنى تەييارلايسەن.



— شۇئان نان هاسىل بولامدۇ؟

— ياق، خېلى ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن پەسلىگە قاراپ ئوسا قىلىپ ئۇرۇقنى چاچسەن، قىشچە ئۇرۇق يەردە تۇرىدۇ. يەنە بىر يىلى ئەتىيازغا بارغاندا كۆكلەپ چىقىدۇ. يازدا...

— يازدا نان هاسىل بولامدۇ؟

— ياق تېخى! بۇغداينى ئورۇپ، باغلاپ يىغىسەن. شۇنىڭدىن كېيىن...

— شۇنىڭدىن كېيىن نان هاسىل بولامدۇ؟— دەپ ۋاقىرىدى بۆرە.

— ياق، بۇغداينى خامانغا توشۇيسەن، تېپىسەن، سورۇيسەن، تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن تارتىسەن.

— دېمەك، شۇ چاغدا يېگۈدەك نان بولۇپ چىقىدىكەن-دە؟

— نەدىكىنى بۆرە قېرىنداش؟ يەيدىغان چاغ نەدىمۇ ئۇنچە تېز كەلسۇن. ئۇنى خېمىر قىلىپ يۇغۇرىسەن. خېمىرنى زۇۋۇل قىلىپ ئېچىپ نان ياقسەن، پىشۇرىسەن.

— يەيدىغان ئىش شۇ ۋاقىتتا يېتىپ كېلىدىكەن-دە؟

— هەئە، شۇ چاغدا نان هازىر بولىدۇ.

بۆرە بىر ئۇھ تارتتى-دە:

— بولدى، نان يېيىشنى ئىستىمەيمەن. بۇنىڭدىن خۇشۇم كەتتى، — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ناهايىتى ئۇزاق ساقلاشقا توغرا كېلىدىكەن، سەن ماڭا بىرەر نەرسىنى كۆرسىتىپ قويساڭلا، قورسىقىم دەرهال تويۇپ قالىدۇ. ئىشنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ.

— ناهايىتى ياخشى ئىكەن، ئۇنداق بولسا ئۇدۇلۇمدىكى ئاشۇ ئۆستەڭگە بار. ئۇ يەردە بىر ئايغىر كىچىك تايچىقى بىلەن ئوتلاۋاتىدۇ. ئۇنى ئوزۇق قىل، — دېدى يولۇچى.

بۆرە سۆيۈنگەن هالدا ئۆستەڭگە يۈگۈردى. ئايغىر تايچىقىنىڭ كۆكرىكىگە قاراپ تىلىنى چىقاردى ۋە:

— هەي تايچاق، ئاشۇ كەنتتىكى بىراۋ ماڭا.. يېيىشنى هاۋاله قىلدى، — دېدى.

— مېنى يېيىشكە نېمە هەددىڭ بار؟— دېدى تايچاق ۋە ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.

بۆرە خىرىسلاندى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مەن بىلەن نېمە ئوينىشىپ يۈرۈيسەن، — دېگىنىچە ئايغىرغا ئېتىلدى.

ئات ئۇنى بىر تېپىۋىدى، بۆرە بىرنەچچە قەدەم يىراقلىققا دومىلاپ چۈشتى. يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتقا تەكرار ئېتىلغاندا، ئات يەنىلا قاتتىق پەشۋا بىلەن ئۇنى يەرگە ئۇردى ۋە بۆرىنىڭ جېنىنى ئالغىلى تاس قالدى. بۆرە مۆدۈرۈپ - چوقۇرۇپ قېچىپ يولۇچى يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئى شەپقەتچىم، تايچاقنى يېيىش نىيىتىدىن ياندىم، — دېدى.

— نېمە بولدى؟— دەپ سورىدى يولۇچى.

— بىلىپ قويغىنكى، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تۇياقلىرى ناهايىتى يوغان ۋە تېزلىك بىلەن قاتتىق تېگىدىكەن!





يولۇچى بىرئاز چۈشەندۈرگەندىن كېيىن:
— ئۇنداقتا ھازىرلا ئاشۇ ئوتلاققا بار. شۇ يەردە بىر قوچقار ئوتلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ
تۇياقلىرى كىچىك، شۇنى ئوزۇق قىل، — دېدى. بۆرە يولۇچى كۆرسەتكەن يايلاققا
باردى ۋە قوچقارنى كۆرۈپ:
— قوچقار قېرىنداش، ئاشۇ يەردە بىر ئادەم ماڭا سېنى يېگىن دەپ كۆرسىتىپ
قويدى. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟— دەپ سورىدى.
— مادامىكى، ئۇنداق بولسا ئويلاپ سۆزلىشىم كېرەك. ساڭا قانداقمۇ دەرھال
جاۋاب بېرەلەيمەن؟ ساڭا بىرلا تەلىپىم بار: مېنى تىتىپ پارچە - پارچە قىلما. سەن بۇ
ئازگاللىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ ئاغزىڭنى يوغان ئاچ، مەن بۇ تەرەپتىن سەكرىگەنچە
ئاغزىڭغا كىرىپ كېتەي، — دېدى قوچقار.
بۆرە ئازگاللىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئاغزىنى ئېچىپ تۇردى. قوچقار ئارقىسىغا يېنىپ بۆرد-
ىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلاندى. شۇئان ئوقچۇپ سەكرىگەنچە بۆرىگە بىر كاللا ئۇردىكى،
بۆرە يەرگە يىقىلىپ، ئىككى سائەتكىچە ھوشىغا كەلمىدى.
شۇ ئارىلىقتا قوچقار قېچىپ كەتتى. ناھايەتكى، بۆرە ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى.
بۇ چاغدا قوچقار ئاللىقاچان غايىپ بولغانىدى. بۆرە قوچقارنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ دەر-
ھال ئورنىدىن تۇردى-دە، مۇنداق دېدى:
— نېمە بولدۇم، قوچقارنى يېدىممۇ - يېمىدىممۇ؟ ھالبۇكى، مۇتلەق يېيەلمەيدى-
كەنمەن.
ئاتىلار سۆزى شۇكى:
— ياۋ ئالدىدا مۇشتۇڭنى تۈگ.

# بۆرە بىلەن ئۆكۈز

ئىككى ئۆكۈز ئۆستەڭ بويىدا ئوتلاۋاتاتتى. بىر بۆرە ئۇلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى-دە، بۇنى بىر پۇرسەت بىلىپ ئۆكۈزلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئۆكۈزلەر بىرلىكتە ئېتىلىپ كەلدى. مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسۈپ بۆرىنى قوغلىۋەتتى.

بۆرە ئۇلارنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىنى كۆردى-دە، ئارقىغا چېكىندى. ئۇ، ئۆكۈزلەرنى پارچىلاش ئۈچۈن باشقا بىر چارە ئويلاپ چىقتى. بىر كۈنى ئۇ، ئۆكۈزلەرنىڭ بىرىگە يېقىنلىشىپ:

— ئەزىزىم، كۆزۈڭنى ئېچىپ ئاياققا قارا، ئاۋۇ گۈزەل ئۆستەڭگە بېرىپ ئوتلا، ئاشۇ چوڭ يايلاقتىكى تاتلىق ئۆسكەن ئوتلارنى مەزە قىل. كېچىكمەي ئۇ ئۆكۈزدىن ئايرىل، — دېدى.

ئەقىلسىز ئۆكۈز بۆرىنىڭ ھىيلىسىگە ئالداندى ۋە ئۆزىنىڭ شەپقەتلىك سەپدىشىدىن يىراقلاشتى. شۇنداق قىلىپ بۆرە ئۆكۈزلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتتى-دە، يەپ كەتتى.

ئاتىلار سۆزى شۇكى:

— كۈچ — بىرلىكتىدۇر.



责任编辑:哈斯亚提·依不拉音
责任校对:阿不都热依木·阿布力米提
封面设计:吐达吉·吐尔洪
绘　　画:阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——斗胜狮子的蚊子(精选儿童寓言)
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm × 1092mm　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)